# مىڭ بىر كېچە

5



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-08401-2
9 787228 084012 >
定价:5.50 元

# مىڭ بىر كېچە

⑤

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一千零一夜.5/晓明编著;帕提古丽·米吉提译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11(2008.4重印)
根据上海人民美术出版社2001年4月汉文版译出。
ISBN 978-7-228-08401-2

Ⅰ.一… Ⅱ.①晓…②帕… Ⅲ.民间故事—作品集—阿拉伯半岛地区—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1371.73

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第099966号

# 一千零一夜(5)

(少儿版)

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印厂 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 2.75 |
| 版　　次 | 2003年11月第1版 |
| 印　　次 | 2008年4月第2次印刷 |
| 印　　数 | 4001—9000 |
| 定　　价 | 5.50元 |

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2001 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى ، 2001 - يىل 4 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# مىڭ بىر كېچە (5)

(بالىلار نۇسخىسى )

**تۈزگۈچى :** شاۋمىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** سەنەۋەر ئىبراھىم
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 2.75
**نەشرى :** 2003 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
**تىرازى :** 4001—9000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—08401—2
**باھاسى :** 5.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى.................. 1
ھۆسلىمەت بىلەن ئەركىلىمەتىنىڭ ھېكايىسى ··· 54




لەتىپە ئېيتالايدىغان كاربى .................................. 64
سودىگەر، ئېشەك باققۇچى ۋە بالا ......................... 74



# ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى

بۇرۇنقى زاماندا، پارس ئېلىنىڭ بىر شەھرىدە ئىككى ئاكا - ئۇكا ياشايدىكەن، چوڭىنىڭ ئىسمى قاسىم، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئەلى بابا ئىكەن. ئۇلارنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۆي ئايرىپ چىقىپ غۇربەتچىلىكتە ياشاپتۇ.

كېيىن قاسىم بىر باي سودىگەرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ، شۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ.



ئەلى بابا بىر نامرات ئادەمنىڭ قىزىنى ئېلىپ، بورۇنقىغا ئوخشاشلا كەمبەغەلچىلىك ئىچىدە ياشاپتۇ. ئۇنىڭ بار - يوق بىساتى ئۈچ ئېشەك ئىكەن. ئەلى بابا ھەر كۈنى ئاشۇ ئۈچ ئېشىكىنى ھەيدەپ بېرىپ تاغدىن ئوتۇن ئەكېلىپ ساتىدىكەن، ئوتۇن سېتىپ تاپقان ئازغىنە پۇل بىلەن روز-غارىنى قامدايدىكەن.

ئەلى بابا بەكمۇ نامرات بولسىمۇ، مىجەزى ئوچۇق - يورۇق، قانائەتچان بولغاچقا، ئەتىدىن - كەچكىچە كۈلۈپلا يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ۋاپادار، ئىشچان ھەم زېرەك ئىد-كەن. ئەر - خوتۇن ئىككىسى موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتسىمۇ، خۇشال - خۇرام، بەختلىك ياشايدىكەن.

بىر كۈنى، ئەلى بابا ئادىتى بويىچە تاغقا ئوتۇن كەس-كىلى چىقىپتۇ، كەچقۇرۇنغىچە چوڭ - چوڭ ئۈچ دۆۋە ئوتۇن كەسلەپتۇ. ئۇ كەسكەن ئوتۇنلىرىنى ئېشەكلەرگە ئار-تىپ، تارتىپ باغلاپ، ئەمدىلا تاغدىن چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا،



يىراقتىن قىيقاس - چۇقان ۋە ئاتلارنىڭ دۇپۇر - دۇپۇرى ئاڭلىنىپتۇ.

ئەلى بابا بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، بۇ چەت تاغقا ئاندا - ساندا كېلىدىغان ئوتۇنچىلاردىن باشقا ھېچكىم ئاياغ باسمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئېشەكلىرىنى بىر دەرەخلىككە ھەيدەپ كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

ئۇ چوڭلاردىن بۇ تاغدا قاراقچى بار، دەپ ئاڭلىغان، ئەمما ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا، ئۇلار قاراقچىمۇ، ئەمەسمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى توغرا تېپىپتۇ.



ھەش - پەش دېگۈچە بىر توپ ئاتلىق تاغ يولىدىن ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىپ، دەل ئەلى بابا چىقىۋالغان دەرەخنىڭ ئاستىدا توختاپتۇ. ئەلى بابا ئۆزىنى قېلىن يوپۇرماقلارنىڭ دالدىسىغا ئاپتۇ.

بۇ چىرايىدىن ياۋۇزلۇقى چىقىپ تۇرغان، بەستلىك ئادەملەر قوللىرىدا ئېغىر بوپىلارنى كۆتۈرگىنىچە ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ. ئۇلار

قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشقا باشلاپتۇ.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:
— بۇگۈن تەلىيىمىز ئەجەب ئوڭدىن كەلدى دېسە. بۇ-
لىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قىممەت باھالىق نەرسىلەر ئى-
كەن، — دېسە، يەنە بىرى قوپۇپ:
— بۇ سودىگەرلەر خېلى ياۋاش ئىكەن، ئۆزلىرىنى
ئۇپرىتىپ ئولتۇرمايلا پۇل ـ ماللىرىنى بېرىۋەتتى. بولمىسا
ئۇلارنى قىرىۋېتەتتۇق، — دەپتۇ.
قاراقچى دېگەن قاراقچى ـ دە! ئەلى بابا قورقۇ-
نىدىن چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ھې-
لىمۇ ياخشى، ۋاقتىدا دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋاپتۇ،
بولمىسا ئۈچ ئېشەكنى زىيان تارتقاننى ئاز دەپ،
ئۆزىمۇ جېنىدىن ئايرىلاركەن.
قاراقچىلار ئاتلىرىنى باغلاپ
قويۇپ، دەرەخنىڭ يېنىدىكى
چوڭ قورام تاشنىڭ
ئالدىغا كەپتۇ. بۇ
تاشنى ئەلى بابا
قانچە قېتىم كۆرگەنلىكىنى سا-
ناپ بېرەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ تاش تاغدىكى باشقا تاشلارغا



ئوخشاشلا تولىمۇ ئادەتتىكىچە تاش ئىكەن.

شۇ ئەسنادا، قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشىغا ئوخشاپ كې-تىدىغان بىر قاراقچى ئالدىغا ئىككى قەدەم ئېلىپ، تاشقا قاراپ:

— كۇنجۇت، كۇنجۇت! ئاچ ئىشىكنى! — دەپ ۋارقى-راپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئاجايىپ غەلىتە ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. بىر پۈتۈن كۆرۈنىدىغان قورام تاش يېرىلىپ ئادەملەر پاتقۇ-دەك يېرىق ئېچىلىپتۇ. قاراقچىلار ئولجىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يېرىقتىن كىرىپ كېتىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر قاراقچى كىرىپ بولغاندا، يېرىلغان تاش قايتىدىن ھىملىشىپ




ئەسلىگە كېپقاپتۇ.

ئەلى بابا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قاراقچىلارنى ساناپتىكەن، دەل قىرىق چىقىپتۇ، ئۇ يەنىلا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدە دېمىنىمۇ چىقارماستىن جىمجىت تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ قاراقچىلارنىڭ يەنە نېمە ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى ئاخىرىغىچە كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ.

ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن غارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان قورام تاش يەنە يېرىلىپ، قۇرۇق قول قاراقچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ كەپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر قاراقچى چىقىپ بولغاندا، قاراقچىلارنىڭ ھېلىقى كاتتىۋېشى:

— كۈنجۈت، كۈنجۈت! ئەت ئىشىكنى! — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ھېلىقى قورام تاش قايتىدىن ھىملىشىپ قاپتۇ.

ئۇ ئىشلاردىن كېيىن قاراقچىلار ئاتلىرىغا مىنىپ يېڭى ئولجا تېپىش ئۈچۈن كەلگەن يولى بىلەن توپا ـ چاڭ توزۇتقىنىچە چېپىپ چىقىپ كېتىپتۇ.



ئاتلارنىڭ ئۈپۈر - تۈپۈرى بارا - بارا يىراقلاپ ئاخىر ئاڭلانماي قاپتۇ. ئەلى بابا دەرەختىن چۈشۈپ غارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ئاندىن قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشىنى دوراپ توۋلاپتۇ:


— كۈنجۈت، كۈنجۈت! ئاچ ئىشىكنى!

ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ تۇرۇشىغىلا ھېلىقى قورام تاش يېرىلىپ ئىككى قاناتلىق ئىشىككە ئايلىنىپتۇ.

ئەلى بابا ئاستا مېڭىپ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ غارغا كىرىپ شۇنى كۆرۈپتۇكى، بۇ تولىمۇ ئىچكىرى ھەم يوغان غار بولۇپ، غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆڭلۈك بار ئە- كەن. ئاشۇ تۆڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇق غارنىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن.

ئۇ غارنىڭ تۆت تەرىپىگە قاراپ، ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ.


غارنىڭ ئىچىدە دۆۋە - دۆۋە ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋا- ھىرلار، توپ - توپ ئەتلەس، شايى، يۆگەم - يۆگەم



زىلچا ـ گىلەم، ئىشقىلىپ بۇ دۇنيادا بارلىكى ئېسىل نەر-
سىلەرنىڭ جىمىسى تېپىلىدىكەن. كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ
سانىنىمۇ ئالغىلى بولمايدىكەن. ئەلى بابا ئىچىدە، ھە، بۇ
ئەسلىدە قاراقچىلار بۇلىغان بايلىقلىرىنى ساقلايدىغان خەزىنە
ئىكەن، ئۇلار مەڭگۇ ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغان
ئەپسۇننى مېنىڭ بىلىۋېلىشىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمى-
گەن بولغىيدى، دەپ ئويلاپتۇ.

ئەلى بابا ئاستا يولىغا راۋان بولماقچى بوپتۇ، لېكىن
تۇرۇپلا: «بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسى قاراقچىلار بۇلاپ كەلگەن
ھارام ماللار، ئۇلار ئەمگەك قىلىپ تاپقان نەرسىلەر بولمى-
غاندىكىن، مەنمۇ ئازراق ئەكېتىپ تىرىكچىلىكىمگە ياماق
قىلسام بولمامدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ يېسە ئاش قىلغىلى، كىيسە كىيىم قىلغىلى بول-
مايدىغان نەرسىلەرگە قاراپمۇ قويماپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئەڭ
كەمچىل نەرسە پۇل ئىكەن. شۇڭا ئۇ، نەچچە خالتىنى



تېپىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىق تىللا قاچىلاپتۇ. ئۇلارنى ئېلىپ غارنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندىن كېيىن تەمتىرىمەستىن:

— كۇنجۇت! كۇنجۇت! ئاچ ئىشىكنى! — دەپ توۋلاپتۇ.

غارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپتۇ. ئەلى بابا خالتىلارنى غارنىڭ سىرتىغا ئاچىقىۋالغاندىن كېيىن، يەنە:

— كۇنجۇت، كۇنجۇت! ئەت ئىشىكنى! — دەپ توۋلاپ-تىكەن، غارنىڭ ئىشىكى يېپىلىپ قاپتۇ.

ئەلى بابا كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن، تىللا قاچىلانغان خالتىلارنى ئوتۇننىڭ ئارىسىغا تىقىپ، ئېشەك-لىرىنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشۈپتۇ.

ئۇ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ئوتۇنغا خېرىدار چاقىرىپ كوچىمۇكوچا ۋارقىراپ يۈرمەستىن، ئۇ-دۇل ئۆيىگە كەپتۇ.

ئايالى ئېشەكلەرنىڭ ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقسا، ئېرى ئوتۇنلارنىڭ ئارىسىدىن خالتا - خالتا تىللالارنى ئېلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئايال يۈرىكى قېپىد-دىن چىققىدەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئېرىم يوقسۇزلۇقتا چىدىماي بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ پۇللى-رىنى بۇلىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالغانىكەن.

ئەلى بابا ئايالىغا، بۇ پۇللار ھەقىقەتەن ھارام، بىراق ئۇنى مەن ئەمەس، قاراقچىلار بۇلىغان، دەپ چۈشەندۈرۈپ، كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئايالىنىڭ خاپىلىقى بىلەن قورقۇنچى شۇ ھامان تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ئاپتۇ. ئۇ ئېرىگە ياردەملىشىپ تىللالارنى ئۆيىگە ئەكىرىشىپ بېرىپتۇ.

ئۇلار تىللالارنى كىگىزگە تۆكۈپتىكەن، ئەسكى كى-گىزنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولماپتۇ. ئەلى بابا تىللالارغا

قاراپ چوڭقۇر ئويلانغان هالدا:

— بۇ پۇللار بىلەن باي - بایاشات یاشیالایمىز. ھا-زىردىن باشلاپ دۇنيادەپىنە تاغدەك دۆۋىلەكلىك ئۇ خەزىنە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىقلارغىمۇ ھەرگىز كۆزىمىزنى قىزارتمايمىز. ئۇلارنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ، خۇدانىڭ مۇشۇ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزەيلى، — دەپتۇ.

ئەلى بابانىڭ ئايالىمۇ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇمۇ ئېرىنىڭ خەتەرگە يەنە تەۋەككۈل قىلىشىنى خالىمايدىكەن. مۇشۇ پۇلمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاجايىپ جىق پۇل ئىكەن. ئۇ ئېرىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ ھەدەپ تىللا ساناۋاتقاندىكەن.

بۇنى كۆرگەن ئەلى بابا كۈلۈپ كېتىپ:

— بولدى، سانىمايلا قوي، بۇنچە جىق تىللانى قانچە كۈندە ساناپ بولىسەن؟ ھازىر بىر ئورەك كولاپ ئۇلارنى دەرھال كۆمۈپ قويايلى، بىرەرى كۆرۈپ قالمىسۇن يەنە، — دەپتۇ.



ئايالى ئېرىنىڭ گەپلىرىنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئەمما، بۇنچە جىق پۇلنى ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغاچقا، زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى ئېنىق بىلمىسە، ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا ئارام تاپمايدىغاندەك بىلىنىپتۇ. ئۇ ئەلى باباغا:

— ئالدىرىماي تۇرىڭە، كۇرە ئەكىرىپ بۇلارنى بىر ئۆلچەپ باقاي. زادى قانچىلىك پۇلىمىز بارلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن كۆمۈۋەتسەكمۇ ئۈلگۈرىمىزغۇ، — دەپتۇ.



ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا قاسىملارنىڭ ئۆيىگە كۆرە ئۆتنە ئېلىشقا مېڭىپتۇ. قاسىم تالاغا چىقىپ كېتىپ ئۆيدە ئۇنىڭ ئايالى بار ئىكەن. ئۇ قاسىمنىڭ ئايالىغا:

— يەڭگە، كۆرەيىڭلارنى بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتى-كەن، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، — دەپتۇ قاسىمنىڭ ئايالى دەرھاللا.

ئۇ كۆرەنى ئېلىپ چىقىۋېتىپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئەلى بابالار ئەتىگەنلىكىگە تاپسا كەچلىكىگە يوق نامرات بولىدى-غان، ئۇلار بۇ كۆرەدە نېمىمۇ ئۆلچەيدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئايالى-نىڭ چىرايى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىرەر بايلىققا ئېرىشكەن بولمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپتۇ - دە، كۆ-



رەنىڭ ئاستىغا ھەسەل سۇركەپ قويۇپتۇ. ئۇ كۇرەنى بېرىد-ۋېتىپ:

— مانا كۇرە، ئىشلىتىپ بولۇپلا ئەكىرىپ بېرەر-سىز، — دەپتۇ.

ئەلى بابانىڭ ئايالى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەردە يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ تىللالارنى كۇرەگە سېلىپ ئۆل-چەشكە باشلاپتۇ. ئەلى بابا ئۇ تىللالارنى كۆمىدىغانغا ئورەك قېزىپتۇ.

ئەلى بابانىڭ ئايالى تىللالارنى كۇرەلەپ بولۇشىغا، ئەلى بابامۇ ئۆرەكنى قېزىپ تەييار قىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىكك-سى تىللالارنى يەرگە كۆمۈپ بولۇپ ئۈستىنى دەسسەپ چىڭدىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئەلى بابانىڭ ئايالى كۇرەنى قاسىم-نىڭ ئايالىغا ئاچىقىپ بېرىپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن قا-سىمنىڭ ئايالى كۇرەنىڭ تېگىگە شۇنداق قاراپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، كۇرەنىڭ ئاستىغا سۇركەلگەن نېپىز بىر قەۋەت ھەسەلگە بىر دانە تىللا چاپلىشىپ قالغانىكەن. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىگە: «توۋا قىلدىم، ئوتتۇن سې-تىپ كۈنىنى ئالىدىغان بىر يالاڭ تۆش تىللالارنىڭ جىقلىقىدىن كۇرەلەپ ئۆلچەيدىغان بوپتۇ دېسە» دەپ كې-تىپتۇ.

چۈش بولغاندا قاسىم قايتىپ كەپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ يا-قىسىغا ئېسىلىپ ۋارقىراپ - جارقىراشقا باشلاپتۇ:

— قايسى ھالىڭغا سىرتلاردا لاغايلاپ يۈرىسەن، ئاۋۇ ئىنىڭغا قاراپ باقە، ئۇ شۇنداق باي بولۇپ كېتىپتۇ. سەنمۇ كاللاڭنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش جىق پۇل تاپ. ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرساق بىز دىۋانىنىڭ ئۆزى!

قاسىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلماستىن:

— چۇشەكەۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ بىر گاداي ئوتتۇنچىنى قانداقمۇ ئۆزىمىز بىلەن سېلىشتۇرغۇڭ كېپقالدى؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ پۈتۈن بىساتىنى ساتسا بىر تىلللاغىمۇ يارىمايدۇ، — دەپتۇ.



— نېمە دەيدىغانسەن، خەق تىللالىرىنى كۈرە بىلەن ئۆلچەۋاتسا، سەن قاپاقۋاشنىڭ كاللىسى زادى ئىشلىمەيدۇ، — قاسىمنىڭ ئايالى جاۋۇلداپلا كېتىپتۇ.

ئۇ سۆزلىگەچ كۈرەنى ۋە كۈرەگە چاپلىشىپ قالغان تىللانى ئاچىقىپ ئېرىگە كۆرسىتىپتۇ ھەم بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خوتۇنىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قاسىم ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ ئولتۇرالمايلا قاپتۇ. ئۇ ھېلىقى بىر تىللانى كۆتۈرۈپ ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرگەندەك بېرىپتۇ-دە، بۇ تىللانى زادى قەيەردىن ئالدىڭ؟ دەپ ئەلى بابانى قىيىن-قىستاققا ئاپتۇ. ئەلى بابا ئاكىسىنىڭ ئايالىنىڭ كۈرەگە ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ-دە، ئارتۇقچە گەپ قىلالماپتۇ. ئۇ ئاكىسىغا ئېرىشكەن تىللالىرىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرەي، بەك زىغىرلاپ سوراۋەرمە، دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىمۇ قاسىمنىڭ ھەسەت ئوتلىرى پەسەيمەپتۇ. چۈنكى، ئۇ تىللا بۆلۈشۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تىللانىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. ئۇ ئىنىسىغا قىلچە يۈز-خاتىر قىلماستىن:

— بۇ تىللالارنى قەيەردىن ئالغانلىقىڭنى دېمىسەڭ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ سېنى چاقىمەن، — دەپ ئۇرۇشۇپتۇ، — سەن چوقۇم باشقىلارنىڭ بايلىقىنى ئوغرىلىدىڭ، بولمىسا، بۇ تىللالار قەيەردىن كېلىدۇ!؟ سېنىڭ گۇناھىڭ ئۆلۈمگە لايىق!

ئامالسىز قالغان ئەلى بابا ئاكىسىغا بۇ ۋەقەنى باشتىن-ئاخىرغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلگەچكە، قايتا-قايتا:

— ئۇ بەك خەتەرلىك جاي، بارار بولساڭ بەك

ئىنساپسىزلىق قىلما. ئۆزۈڭگە لايىق بايلىقنى ئېلىپلا دەر-
هال قايتىپ چىق، بولمىسا جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالى-
سەن،— دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

خەزىنىنىڭ بار يېرىنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق كىرىشنى بىلىۋالغان قاسىمنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ.



ئەلى بابانىڭ نەسىھەتلىرى ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن كىرىپ سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىنى-سىنىڭ نەسىھەتلىرىنى قۇلىقىدا تۇتقان ھالدىمۇ، بايلىقنى كۆرگەن ھامان ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاركەن.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، قاسىم ئون قېچىرغا نەچچە ئون قۇرۇق خالتىنى ئارتىپ تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەلى بابا ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇننى ئو-قۇپتۇ.

ئۇ:

— كۇنجۇت، كۇنجۇت! ئاچ ئىشىكنى! — دېيىشى بى-لەن غارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپتۇ.

قاسىم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھېسابسىز دۇنيا دەپنەنى، گۆھەرلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپتۇ. ئۇ بايلىقلارغا ئېتىلغاچ:

— ھا، ھا، ھا، مەن ئەمدى دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلىنىدىغان بولدۇم، — دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپتۇ.

ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي خالتىلارغا ئالتۇن - كۈمۈش، تىللالارنى ھەدەپ قاچىلاشقا باشلاپتۇ. نەچچە ئون خالتىنىڭ ھەممىسىگە لىقمۇلىق بايلىق قاچىلاپ بولغاندا، ئۇ ئاندىن غارغا يورۇق چۈشىدىغان تۈڭلۈككە قاراپ كۈننىڭ كەچ بو-لۇپ قالغانلىقىنى، ئەمدى قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

شۇغىنىسى، بۈگۈن تاڭ سەھەردىن تارتىپ تاھازىرغىچە ئۇنىڭ كۆرگىنىمۇ، تۇتقىنىمۇ ئالتۇن - تىللا، گۆھەر - ياقۇتلار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كاللىسىنى پۈتۈنلەي ئاشۇ بايلىقلار چىرمىۋالغاچقا، غارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەل-گەندە ئىشىكنى ئاچتۇرىدىغان ئەپسۇننى پاك - پاكىز

ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا، ئۇ خۇددى قەپەسكە سولانغان يىرتقۇچ هايۋاندەك ئۆزىنى هەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىردەم - بىردەم مۇزدەك قورام تاشنى ئۇرۇپ تۇرۇپ:

—بۇغداي، بۇغداي! ئاچ ئىشىكنى! — دەپ ۋارقىرىسا، بىردەمدىلا يەنە، — پۇرچاق، پۇرچاق! ئاچ ئىشىكنى! قوناق، قوناق! ئاچ ئىشىكنى! — دەپ توۋلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ دۇنيادا بارلىكى دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ چىقىپتۇ، پەقەت كۇنجۇتلا ئۇنىڭ ئېسىگە زادىلا كەلمەپتۇ.

دەل قاسىم ۋارقىراپ - جارقىراپ سارا بولايلا دەپ قالغان پەيتتە، توساتتىن ئۇنىڭ ئاغزىغا «چوشقا كۆچۈكى» دېگەن گەپ كېپقاپتۇ. ئۇ خۇدىنى بىلمەي:



— چوشقا كۆچۈكى، چوشقا كۆچۈكى، ئاچ ئىشىكنى! — دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا، قورام تاش يېرىلىپ غارنىڭ ئىشىكى ئې-چىلىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا خالتىلارنى سۆرەپ سىرتقا قاراپ مېڭىشىغا تاغدەك بەستلىك بىر ئادەمگە سوقۇلۇپتۇ. ئۇ چۆچۈپ كېتىپ، تېخى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇ ئادەم قولىدىكى قىلىچ بىلەن ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ.

ئەسلىدە، غارنىڭ ئىشىكى ئۇ «چوشقا كۆچۈكى، ئى-شىكنى ئاچ» دېگىنىگە ئېچىلىپ كەتكەن بولماستىن، قا-راقچىلارنىڭ ئەپسۇن ئوقۇشىدىن ئېچىلغانىكەن.

قاراقچىلار بۇلىغان ئولجىلىرىنى ئەكېلىپ قويۇش ئۇ-چۇن، غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ شۇنداق قارىسا، ئون قېچىر تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى، غارنىڭ ئىچىدە ئادەم بارلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، ئەپسۇننى ئوقۇپ غارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ شۇنداق ئىچىگە كىرىشىگە قا-سىم ئۇچراپتۇ ـ دە، ئۇنى جەھەننەمگە يولغا سالپتۇ.

غاردىكى خەزىنىگە سوغۇق قول تەگكىنىدىن قاراقچىلار ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار دەرھال بايلىقلارنى تەك-شۈرۈپ بېقىپ، ھېچ نەرسىنىڭ يوقالمىغىنىنى كۆرۈپ ئان-دىن خاتىرجەم بوپتۇ. مال ـ دۇنيانىڭ جىقلىقىدىن، ئەلى بابا ئەكەتكەن نەچچە خالتا تىللا قىلچە چانماپتۇ.

شۇنداقتىمۇ، بۇ غارنىڭ سىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشى قاراقچىلار ئۇچۇن كىچىك ئىش ئەمەس ئىكەن. قا-راقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۇچۇن قاسىمنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن تېنىنى غارنىڭ ئىك-كى تەرىپىگە ئېسىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ، ئاندىن سەل ئارام

ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئولجا تېپىش ئۈچۈن يەنە چېپىپ چىقىپ كېتىشىپتۇ.

قاسىم ئەتىگەندە قېچىرلارنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالى ئۇنىڭ ھەددى - ھېسابسىز بايلىق بىلەن قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېرى تۈن نىسپىگىچىمۇ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن ئۇ ئەلى بابانىڭ قېشىغا بېرىپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

— ئاكىڭىز تاڭ سەھەردىلا چىقىپ كېتىپ تا مۇشۇ چاغقىچە كەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالماس-ھە؟ — دەپتۇ.

ئەلى بابانىڭ ئاكىسىغا بىرەر ئىش بولغىنىنى كۆڭلى تۇيۇپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى قەستەن تەمكىن تۇتۇۋېلىپ:

— ئۇ تاغ يوللىرىدا ئېزىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەنسىرىمەڭ، ئۇ چوقۇم تىنچ - ئامان قايتىپ كېلىدۇ، — دەپ يەڭگىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ يولغا ساپتۇ.

قاسىمنىڭ ئايالى كېچىچە ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ



كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بوپتۇ. ئەتىسى ئەتىگىنىگىچىمۇ ئېرىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن ئايال يەنە ئەلى بابانى ئىزدەپ بېرىپ، تاغقا چىقىپ ئىزدەپ باقسىڭىز، دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئاكىسىنىڭ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغىنىنى پەملىگەن ئەلى بابا ئېشىكىگە مىنىپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ.

دەرۋەقە، ئۇ غارنىڭ ئالدىغا بېرىپ شۇنداق قارىسا، قېچىرلار ھەر تەرەپتە ئوتلاپ يۈرگۈدەك. يەرگە تېمىپ قالغان





قانلار ئۇنىڭغا بىر شۇملۇقتىن دېرەك بېرىپتۇ.

ئۇ دەككە ـ دۇككە ئىچىدە ئەپسۇن ئوقۇپ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، ئاكىسىنىڭ جەسىتى ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئەلى بابا ھۆڭرەپ يىغلىۋېتىپتۇ. ھازىر ھازا ئاچى-دىغان چاغ ئەمەسلىكىنى، قاراقچىلارنىڭ ھەر ۋاقىت كېلىپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ يەنە ئۆزىنى سەل بېسىۋاپتۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى ئېشىكىگە ئارتىپ، تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە كۆزىنىڭ قىرى-نىمۇ سېلىپ قويماستىن تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاسىمنىڭ ئايالى

ئېرىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپتۇ، ئەلى باباغا ھەسەت قىلىپ، دۇنيا خورلۇق قىلغىنىغا، ئېرىنى ئۆلۈمگە ئىتتەرگىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ، ئەمما پۇشايمان ئالىدىغانغا قاچا تاپالماپتۇ. ئەلى بابا يەڭگىسىگە تەسەللى بېرىپ يىغىدىن توختاتقاندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ ئاخىرەت- لىك ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاشقا باشلاپتۇ.

جەسەت يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن قاراقچىلار چوقۇم جەسەتنى ئېلىپ كەتكەن ئادەمنى، يەنى خەزىنىنىڭ سىرىنى بىلىدىغان يەنە بىر ئادەمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدىشى تۇرغانلا گەپ ئىكەن. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى چوڭراق ئۆتكۈزۈشنى خالايدىكەنۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر يەردە چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىكەن.

قاسىملارنىڭ ئۆيىدە مارجانە ئىسىملىك ئەقىللىق ھەم چىرايلىق بىر دېدەك بار ئىكەن. قاسىم ئەر - خوتۇنلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى، ئاچ كۆزلۈكى ئەزەلدىن ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايدىكەن. ئۇ ئەلى بابانىڭ غەمگە پېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— غوجام، كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشىنىمەن. خوجايىنىم- نىڭ ئۆلۈم ئىشىنى مەن ئورۇنلاشتۇراي، مەن چوقۇم ھېچ- كىمگە چاندۇرماي قىلىمەن، — دەپتۇ - دە، ئېگىشىپ ئەلى بابانىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەلى بابا ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشى- تىپتۇ.

مارجانەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەلى بابا ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن مارجانە دورىپۇرۇشنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرىدىغان دورا بارمۇ؟ — دەپ

سوراپتۇ.

— بۇنداق دورىنى ئىشلەتكۈدەك كىمنىڭ كېسىلى شۇنچە ئېغىركەن؟ — دەپ سوراپتۇ دورىپۇرۇش.

— خوجايىنىم قاسىم بەگنىڭ بولمامدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مارجانە مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ يې-مەي - ئىچمەي ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ، گەپ قىلغۇدەك ها-لىمۇ يوق! بۇ-گۈندىن ئۆ-تەلمەيدىغان ئوخشايدۇ!




دورىپۇرۇش دورىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. مارجانە كەتكەندىن كېيىن ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئۆز ـ ئۆزىگە:
«ئادەم ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندە ھەرقانداق مېھرىگىياھ، ئادەمگىياھلارمۇ كار قىلمايدۇ! بىچارە قىز خوجايىنىغا ئەجەبمۇ كۆيۈنىدىكەن دېسە» دەپتۇ.
مارجانە شۇ بىر كۈن ئىچىدە دورىپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا يەتتە ـ سەككىز قېتىم چېپىپ بېرىپتۇ ھەم يولدا ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە دورىپۇرۇشقا دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋېرىپتۇ.
نامازشامغا يېقىن شەھەرلىكلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قاسىمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، جېنىنىڭ ھەلقۇمغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ بوپتۇ.
كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يەنى سائەت سەككىز ـ توققۇز ئەتراپىدا، قاسىملارنىڭ ئۆيىدىن كۆتۈرۈلگەن يىغا ـ زار ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. ئەلى بابامۇ شۇ چاغدا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاكىسىغا ھازا ئېچىپتۇ. بۇ چاغدا، قاسىمنىڭ كېسىلى شىپا تاپالماي ئالەمدىن ئۆتكىنىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىپتۇ.
ئۆلۈم پەتىچىلىرى ئۇزاپ ئەل ئايىغى جىمىققاندا، مارجانە يۇزىگە چۈمبەل تارتىپ تىككۈچى بابا مۇستانىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا، ئۆيىدە ئازراق ئىش چىقىپ قالغانلىقىنى، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە ئون تىللا بېرىدىغانلىقىنى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ كۆزىنى ئېتىپ ئۇ يەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئون تىللا دېگەن ئاز پۇل ئەمەس ـ دە، بۇ گەپ ئۇنىڭغا سەل غەلىتە ئاڭلانغان بولسىمۇ، بۇ تىككۈچى پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئادەم بولغاچقا، مارجانەگە كۆزىنى ئەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ مېڭىپتۇ، مارجانە ئۇنى

يېتىلەپ قەستەن نەچچە كوچىنى ئايلاندۇرۇپ، راسا قايمۇق-تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن قاسىمنىڭ جەسىتى بار ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ.

مارجانە تىككۈچىنىڭ كۆزىگە تېڭىلغان لاتىنى ئېلىۋېتىپتۇ. بابا مۇستان قاسىمنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەن تېنىنى كۆرۈپ چۆچۈگىنىدىن ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتكىلى قىل قاپتۇ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا قېچىپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. مارجانە ئۇنىڭغا كاپپىدە ئېسىلىۋېلىپ:

— جەسەتنى پۇتۇنلەي تىكىپ چىقىڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا كېپەنلىك تىكىڭ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن كاتتا ئىنئام بېرىمەن، — دەپتۇ.

يەنە پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان تىككۈچى ئاغىز قىلالماستىنلا بېشىنى چۆكۈرۈپ ئىش باشلىۋېتىپتۇ. ئۇ پۈتۈن



ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن مارجانە يەنە ئۇنىڭغا ئون تىللا بېرىپ، ئاندىن كۆزىنى ئېتىپ يېتىلگىنىچە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن مارجانە مەسچىتكە بېرىپ ئىمام، ئاخۇنلارنى باشلاپ كەپتۇ. مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ يەرلىككە قويۇلۇپتۇ. ئىشقىلىپ، ھەممە ئىش جاي - جايىدا، تەلەپكە لايىق بولغاچقا، قىلچە چانماپتۇ.

قاسىمغۇ بېرىپ يەرلىكىدە يېتىپ ئارام تېپىپتۇ، ئەمما قاراقچىلار ئارام تاپماپتۇ. ئۇلار غارغا كېلىپ شۇنداق قاراپ، جەسەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپلا، باشلىرىغا بالا - قازا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى پەملەپتۇ، ناۋادا، بۇ غارنىڭ سىرىنى بىلىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم بۇ سىرنى كىشىلەرگە



يېيىۋەتسە ياكى بېرىپ پادىشاھقا چاقسا، پادىشاھ قوشۇن ئەۋەتىپ غارنى قورشاپ ئۇلارنى تۇتسا... ئىشقىلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇلار مال ـ دۇنيادىنمۇ، جېنىدىنمۇ ئايرىلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىكەن.

قاراقچىلارنىڭ باشلىقى بىر قاراقچىنى شەھەرگە كىرىپ جەسەتنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئادەمنى تىڭ ـ تىڭلاپ بېقىشقا ئەۋەتىپتۇ.

بۇ قاراقچى شەھەرگە كىرىپ دەسلىپىدە، بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆلگەنلەرنى ئېنىقلاپ چىقماقچى بوپتۇ. بىراق،



بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى كۆپ بولغاچقا، ھەر كۈنى نەچچە ئون ئادەم تۇغۇلۇپ، ئون نەچچە ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدىكەن. ئۆلۈم بولغان ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى گۇمانلىق ئادەملەر قاتارىغا تۇرغۇزغىلى بولمايدىكەن. خەقلەردىن جەسىتى ئىك-كى پارچە قىلىنغان ئۆلۈك چىققان ئائىلىنى بىلەمسىلەر، دەپ سورىسا، ئۆزى مەسخىرىگە قالغاننى ئاز دەپ، سارىڭ قا-تارىدا شەھەردىن قوغلاندى قىلىنىدىكەن.


يېرىم كېچىدىن ئېشىپتۇ، بېشى قاتقان قاراقچى كى-چىككىنە يىپ ئۇچى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن شەھەر كوچىلىرىدا مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇ بىر كوچىغا كىرىپ قارىسا، كوچىنىڭ ئىچى



جىمجىت ھەم قاپقاراڭغۇ. پەقەت بىر ئۆينىڭلا چىرىغى يې-
نىقلىق تۇرغۇدەك. بۇ توۋا دېگۈدەك ئىش بوپتۇ. نېمىشقا
دېگەندە، بۇ دەل بابا مۇستاننىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ
چىرىغى ئىكەن. قاراقچى دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداقلا
سوراپتۇ:

— چىراغنىڭ يورۇقى شۇنچە غۇۋا تۇرسا، يىڭنىگە
يىپنى قانداق ئۆتكۈزىسىز؟



بابا مۇستان تىككۈچى بولغاچقا، باشقىلار كۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى كەمسۇندۇرسا پەقەت چىدىمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ قاراقچىغا ئالىيىپ قوپۇپ ئۆز ئىشىنى قىلغاچ غودۇراپتۇ:

— ماڭا مۇشۇنچىلىك يورۇقلۇقمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا قاپقاراڭغۇ بىر ئۆيدە ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەتنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تىكىپ چىقتىم.

مۇنداقلا ئېيتىلغان بۇ گەپ قاراقچىغا ياغدەك يېقىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ئاسماندىن چۈشكەن بۇ ئامەتتىن چەكسىز خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قەستەن پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە كۆرسىتىپ:

— بۇ گەپلىرىڭىزگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. سىز ئۇ ئىشنى كىمنىڭ ئۆيىدە قىلغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز، ئاندىن ئىشىنىمەن ھەم ئون تىللا بېرىمەن — دەپتۇ.

تىككۈچى خۇشاللىقتىن شاققىدە بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ، ئارقىدىنلا لاسسىدە بولۇپ بېشىنى چايقاپ، ئەلەم بىلەن:

— ئىسىت، ئون تىللا پۇلىڭىزنى خۇدايىم ماڭا بۇيرۇمىغان ئوخشايدۇ. مېنى ئۇ يەرگە كۆزۈمنى ئېتىپ ئاپارغانىدى. مەن ئۇ يەرنىڭ قايسى كوچىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، قايسى ئۆي ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيمەن — دەپتۇ.

— بۇ ئاسان، — دەپتۇ قاراقچى، — مەنمۇ كۆزىڭىزنى لاتا بىلەن تېڭىپ قوياي، سىز تۇيغۇڭىزغا ئاساسەن ماڭسىڭىزلا بولىدۇ. بۇ ئون تىللانى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. بىراق، شۇنىمۇ دەپ قوياي، ناۋادا ئۇ ئۆيىنى تاپالمىسىڭىز، ئون تىللانى قايتۇرۇۋالىمەن.

بابا مۇستان پۇل كېلىدىغان پۇرسەتنى ئاسانلىقچە

قولدىن بىرىپ قويىدىغان ئادەم ئەمەس ئىكەن. ئۇ تىللالارنى يانچۇقىغا سېلىپ، بىر لاتىنى ئېلىپ كۆزىنى ئېتىپتۇ، ئاندىن قاراقچىنىڭ يېتىلىشى بىلەن ئىشىكتىن چىقىپتۇ.

ئۇنىڭ تۇيغۇسى ئادەتتىكى ئادەملەردىن خېلىلا كۈچ-لۈكمىكىن ياكى بولمىسا ئۇن تىللا ئۆز كۈچىنى كۆرسەت-تىمىكىن، ئۇ ئەگرى - توقاي كوچىلاردىن ئۆتۈپ، راست دېگەندەكلا قاراقچىنى قاسىمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ.

بۇ يەر هازىر ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە ئايلانغانىكەن، ئىرد-نىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق ئازابلانغان قاسىمنىڭ ئايالى ئەلى بابا بىلەن خوتۇنىنى يېنىغا كۆچۈرۈپ ئەكېلىۋالغانىكەن.

ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرگەن بابا مۇستان كۆزىگە تېڭىلغان لاتىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇن تىللانى ئېلىپ خۇشال-خۇرام كېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئازغىنە قېلىپ، بۇ ئۆينى تاپالماسلىقىدىن غەم قىلغان قاراقچى يېنىدىن بور ئېلىپ ئىشىككە بەلگە سېلىپ قويۇپتۇ - دە، باشلىقىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېڭىپتۇ.

تاڭ سەھەردە، مارجانە بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىشىكتىكى بەلگىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بۇنىڭ قاراقچى قىلغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر سىر بارلىقىنى پەملەپتۇ - دە، ئۆيىگە كىرىپ ئاق بور ئا-چىقىپ، بۇ كوچىدىكى نەچچە ئۇن ئۆيلۈكنىڭ ئىشىكىگە بور بىلەن ئوخشاش بەلگە سېلىپ قويۇپتۇ.

يېرىم كېچىدە، قاراقچىلارنىڭ باشلىقى جىمى قاراق-چىلارنى ئېلىپ، هېلىقى قاراقچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ كوچىغا كەپتۇ.

ئۇلار كوچىغا كىرىپ شۇنداق قارىسا، ھەممە ئۆيلەرگە ئوخشاش بەلگە سېلىنغان. ھېلىقى تىڭتىڭچى قاراقچىمۇ قايسى بەلگىنى ئۆزىنىڭ سالغىنىنى بىلەلمەي قايمۇقۇپلا قاپتۇ.

قاراقچىلار خۇشال كېلىپ، سالپىيىپ قايتىپتۇ. غارغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن قاراقچىلارنىڭ باشلىقى غەزىپىگە پايلىماي، ھېلىقى قاراقچىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا



قىپتۇ، ئاندىن زىبرەك ھەم ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان بىر قاراقچىنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەۋەتىپتۇ.

بۇ قاراقچىمۇ ئۆلگەن قاراقچىغا ئوخشاش بابا مۇستان ئولتۇرىدىغان كوچىغا كېلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئەلى بابانىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. ئۇ كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر بۇلۇڭغا قىزىل بور بىلەن بەلگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ تاغقا قايتىپ كېلىپ باشلىقىغا، بۇ قېتىمقى بەلگە ناھايىتىمۇ پىنھان جايغا سىزىلدى، كۆزگە پەقەت چېلىقمايدۇ، دەپ مەلۇم قىپتۇ.

شۇغىنىسى، ئۆتكەنكى ئىشتىن كېيىن مارجانەنىڭ تېخىمۇ سەزگۈرلىشىپ كەتكەنلىكىنى بۇ قاراقچى بىلمەي-دىكەن.

مارجانە ھەر كۈنى ئەتىگىنى چىقىپ ئىشىكنىڭ بۇ-لۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن. شۇڭا، ئى-شىككە قىزىل بور بىلەن سېلىنغان بەلگىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆتكەن قېتىمقىدىكىدەك ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكىگە قىزىل بەلگە سېلىۋېتىپتۇ.

قاراقچىلار ئىككىنچى قېتىم ئوخشاشلا ھېچبىر نەتى-جىگە ئېرىشەلمەپتۇ. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن قاراقچى-لارنىڭ باشلىقى ئۇ قاراقچىنىمۇ قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. «يامانراق رەقىبكە دۇچ كەلگەن ئوخشايمەن. بۇ قېتىم ئۆ-زۈملا چىقىپ بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇراي» دېگەن يەرگە كەپتۇ قاراقچىلار باشلىقى.

قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى تىككۈچى بابا مۇستاننىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەلى بابانىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تېپىپ كەپتۇ. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىشىككە بەلگە سېلىپ

ئولتۇرماستىن، بۇ ئۆينىڭ ئورنىنى، ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى خاتىرىسىگە مەھكەم ئورنىتىۋېلىپ، كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈككەن هالدا تاغقا قايتىپ كېتىپتۇ.

تاغقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى ئون توققۇز قېچىر، ئوتتۇز سەككىز ياغ تۇڭى ۋە بىرمۇنچە قىچا يېغى سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. پۈتۈن تەييار-لىقلار تەق بولغاندىن كېيىن شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلا ئۇ قا-



راقچىلارنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

نامازشام ئارا بىر جۇۋازچى ھەربىرىگە ئىككى ياغ تۇڭى ئارتىلغان ئون توققۇز قېچىرنى ھەيدەپ ئەلى بابانىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. جۇۋازچى ئەلى بابانىڭ



دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. ئەلى بابا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتىكەن، ئۇ ئەلى بابا بىلەن چىرايلىق ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن:

— مەن بۇ شەھەرگە ياغ سودىسى قىلىش ئۈچۈن، يىراق يەردىن كەلگەن ياغ سودىگىرى ئىدىم. بۈگۈن شەھەرگە كەچ كېلىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن دەماللىققا بىرەر قونالغۇ تاپالمىدۇق، شۇڭا مەرھەمەت قىلىپ، بىزنى بىر كېچە قوندۇرۇۋالغان بولسىڭىز ساۋاب بولاتتى. بىز ئەتە ئەتىگەندىلا يۈرۈپ كېتىمىز، — دەپتۇ.

ئەلى بابا تولىمۇ مېھماندوست ئادەم ئىكەن. ئۇ ياغ سودىگىرىنى دەرھال ھويلىغا باشلاپ، خىزمەتكارى ئابدۇللانى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئېشەكلەرگە ئارتىلغان ياغ ئىدىشلىرىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە، ئاندىن ئۇلاغلىرىنى سۇغىرىپ يەم بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئۇ ئىشلارنى جايى - جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئايالى بىلەن يەڭگىسىنى تاماق ئېتىشكە بۇيرۇپتۇ.

ھەممىسى ئالدىراش، قولى - قولىغا تەگمەي يۈرسە، پەقەت مارجانەلا ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلەنگىنىچە ھەممە ئىشنى كۆڭۈل تارازىسىدا ئۆلچەپ تۇرۇپتۇ.

تاماقتىن كېيىن مېھمان يولنىڭ ھاردۇقى يەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۆزىگە راسلانغان ھۇجرىغا ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىگىلىرىمۇ يېتىپ قاپتۇ. يەنە شۇ مارجانەلا ئۇخلىماستىن ئېگىكىنى تۇتقىنىچە پىلىلداپ تۇرغان چىراغ پىلىكىگە قاراپ خىيالغا چۆكۈپتۇ.

ئۆزىنى يىراقتىن كەلدىم، دەۋالغان بۇ ياغ سودىگىرى مارجانەنىڭ كۆزىتىشىچە ھېچبىر ياغ سودىگىرىگە ئوخشى-

مايدىكەن. چۈنكى، ئۇ شۇنچە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ بۇ يەرگە كەلگۈچە، ياغ ئىدىشلىرىنى چوقۇم نەچچە قېتىم چۈشۈرۈپ، نەچچە قېتىم ئارتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىيىمىگە مەڭچىلىك ياغ دېغى تەگمىگەنىكەن. بۇ تەرىپى مارجانەنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇپتۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىشلارنى چۈشۈرگۈچە ھېچقانداق شالاق ـ شۇلۇق ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ. چۈنكى، ئىدىشلارغا قاچىلانغىنى ھەقىقەتەن ياغ بولسا، ھەرقانچە لىق قاچىلانغان ھالەتتىمۇ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ شالاقلىغىنى بوش بولسىمۇ ئاڭلىنىدىكەن. مارجانە بۇ ئاۋازنىمۇ ئاڭلىمىغاچقا، ئۇنىڭ گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتكار ئابدۇللانى چاقىرىپ:

— ياغ ئىدىشلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئابدۇللا بېشىنى قاشلىغىنىچە ئېنىق بىرنېمە دەپ بېرەلمەي:

— ئوخشاشتەكمۇ قىلىدۇ، ئوخشاش ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ، — دەپتۇ تىلىنى چايناپ، — ھە، راست، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئىدىشلارنى چۈشۈرۈۋاتقۇچە مەن، ئەجەب غەلىتە ئىش، ئوخشاش ئىدىشلارنىڭ ئېغىرلىقى نېمىشقا ئوخشىمايدىكىنە، دەپ قالغانىدىم. بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

مارجانە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇنداقلا سوراپ قويغىنىنى، ھېچقانداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. كۆڭلىدە بولسا، ئىدىشلارغا قاچىلانغىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى نامەلۇم، لېكىن ھەرگىز ياغ ئەمەس، دېگەن يەرگە كەپتۇ.

ئۇنداق بولسا، بۇ «ياغ سودىگىرى» ئىچىگە ياغ ئەمەس، باشقا نەرسە قاچىلانغان ئىدىشلارنى ئەكېلىپ بۇ ئۆيگە


نېمىشقا چۈشكەندۇ؟

كەينى ـ كەينىدىن ئىشككە سېلىنغان بەلگە ئېسىگە گۈپپىدە چۈشۈپ، ئۇ دەرھال سەگەكلىشىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى: «بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە چوقۇم يېتىش كېرەك. بولمىسا، بېشىمىزغا بالا ـ قازا ياغىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

ئابدۇللا ھۇجرىسىغا ئۇخلىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى مارجانەنىڭ قورققۇسى كېلىپ ئۇيقۇسى قېچىپتۇ.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ياغ ئىدىشلىرى قويۇلغان تامنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بىر ئىدىشنىڭ ئاغزىنى ئاستا ئېچىپ ئىچىگە شۇنداق قارىسا، ھەقىقەتەن ياغ قاچىلانغان. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ كەينىگە شۇنداق قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، توساتتىن بىرىنىڭ پەس ئاۋازدا:





— قول
سالىدىغان ۋاق-
تىمىز توشقاندۇ،
ئەمدى چىقساق
بولار؟ — دەپ
سورىغىنىنى
ئاڭلاپ قاپتۇ.
مارجانە
چۆچۈگىنىدىن
سەكرەپ كېتىپ-
تۇ. ئۇ سەل
ئەس - هوشىنى
يىغىۋالغاندىن
كېيىن، هويلىدا
ئۆزىدىن باشقا
ئىنس - جىن-
نىڭ يوقلۇقىنى،
بۇ ئاۋاز ئىدىش-
لاردىن كەلگەن
ئاۋاز ئىكەنلىكى-
نى هېس قىپتۇ.
«قاراقچىلار
ئىكەن، هەقىقە-
تەن قاراقچىلار
ئىكەن ئەمەسمۇ»
دەپ ئويلاپتۇ
مارجانە.

بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ - دە، ئاۋازىنى ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىدەك بوم چىقىرىپ:

— ۋاقىت تېخى تۇشمىدى، نېمىگە ئالدىرايسەن؟ ئۆي ئىگىسىنى ئويغىتىۋەتسەڭ، جاجاڭنى بېرىمەن، — دەپتۇ پەس ئاۋازدا.

بايا گەپ قىلغان قاراقچىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ. مارجانە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ ئىدىشلارنىڭ يېنىغا بىرمۇبىر بېرىپ، قۇلىقىنى يېقىپ ئىچىدىكى تىۋىشنى تىڭشاپتۇ. ھەربىر ئىدىشنىڭ ئىچىدىن ئادەمنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپتۇ. پەقەت ئەڭ باشتىكى ياغ قاچىلانغان ئىدىشتىنلا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانماپتۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ تىنىقى ئاڭلانغان ئىدىشلارنى ساناپ بېقىپتىكەن، تۇپتوغرا ئوتتۇز يەتتە چىقىپتۇ. ئۇ ئىچىدە، ھە، جەمئىي ئوتتۇز يەتتە قاراقچى ئىكەن - دە، ھېلىقى سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان قاراقچى ئەسلى بۇلارنىڭ كاتتىۋېشى ئىكەن، دەپ جەزم قىپتۇ.

دەرۋەقە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى ئويلاپ تاپقان ھىيلە - نەيرەڭ ئىكەن:

ئۇ قاراقچىلارنى ئىدىشنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى سودىگەرچە ياسىنىپ ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونالغۇ تەلەپ قىلىپ، ئارقىدىن يېرىم كېچە بولغاندا تەڭلا قول سېلىپ، ئەلى بابانى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتىكەن.

مارجانە پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئابدۇللانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنى ئاستا ئويغىتىپتۇ. ئۇنى ئاۋازىڭنى چىقارما، دەپ كەينىگە سېلىپ ھويلىغا ئاچىقىپتۇ، ئاندىن قىچا بېغى قاچىلانغان ئىدىشنى ئاستا ئاشخانا ئۆيىگە ئەكىرىپ،


ئىچىدىكى ياغنى يوغان داش قازانغا قۇيۇپتۇ.

مارجانە ئابدۇللانى ئەمدى چىقىپ ئۆيىقۇڭنى ئۇخلا، دەپ چىقىرىۋېتىپتۇ – دە، ئۆزى ئوچاقتا ئوتنى ئۇلۇغ يېقىپ قىچا يېغىنى چۇچۇتۇپتۇ، ئاندىن راسا چۇچۇگەن ياغنى يوغان چېلەككە ئۇسۇپ بىر ساپلىقنى كۆتۈرگىنىچە هويلىغا چىقىپتۇ.

ئۇ ئىدىشلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاغزىنى ئېچىپلا چېلەكتىكى ئوتتەك قىزىق ياغنى قاراقچىلارنىڭ بېشىغا چۆمۈچلەپ قۇيۇشقا باشلاپتۇ.

ئوتتۇز يەتتە قاراقچى، ۋاي نېمە بولدۇم، دەپ بولغۇچە، باش – كۆزلىرى كۆيۈپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپ ئۆلۈپتۇ.

مارجانە هويلىدا بىردەم تۇرۇپ بېقىپتۇ. هېچقانداق شەپە ئاڭلانماپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ناهايىتى خۇپىيانە قىلغانلىقىغا، هېچكىمنىڭ سەزمىگەنلىكىگە كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن چېلەكنى كۆتۈرۈپ هۇجرىسىغا ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىپتۇ.



ئۇ قاراقچىلار باشلىقىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ھېچقانداق ئەسكىلىك قىلىشقا پېتىنالماي ئاستا قېچىپ كېتىشىگە ئىشىنىدىكەن.



مارجانەنىڭ ھۆجرىسىنىڭ چىرىغى ئۆچكەنلىكىنى كۆرگەن قاراقچىلارنىڭ باشلىقى بۇرۇن كېلىشىۋالغىنى بويىچە دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈچ قېتىم چاۋاك چاپتۇ. ئەسلىدە بۇ چاۋاك ئاۋازى بىلەن تەڭ قاراقچىلار ئىدىشلاردىن چىقىپ ئەلى بابانىڭ ئۆيىدىكىلەرنى بىرىنمۇ

قالدۇرماي ئۆلتۈرمەكچىكەن.

شۇغىنىسى، چاۋاك چىلىنىپ خېلىدىن كېيىنمۇ ھېچبىر سادا بولماپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى يەنە ئۈچ قېتىم چاۋاك چاپتۇ، يەنىلا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانماپتۇ. قاراقچى:

— ئۆلۈمتۈك ئەبلەخلەر، ئۇخلاپ قېتىپ قالغان ئوخ-شايدۇ، — دەپ غۇدۇرىغىنىچە دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ.

ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى ئىدىشلاردىن بىر - بىرلەپ قۇلىقىدىن تارتىپ چىقارماقچى بولۇپ تام تەرەپكە قاراپ شۇنداق مېڭىشىغا، بۇرنىغا كۆيگەن كاۋاپنىڭ ھىدى ئۇرۇ-لۇپتۇ.

ئۇ چۆچۈگىنىدىن ئىككى سەكرەپلا ئىدىشلارنىڭ قې-شىغا بېرىپتۇ - دە، قولىنى ئىچىگە تىقىپتۇ. ئۇنىڭ قولى ئىدىشنىڭ چۆرىسىگە تېگىشىگە پىژژىدە قىلىپ ئېچىشىپ



كېتىپتۇ. ئۇ قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ شۇنداق قارىسا، قولى سۇ كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ ھەممە ئىدىشقا قولىنى تىقىپ بېقىپتىكەن، ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قاپتۇ. ھەمراھلىرىنىڭ بىراقلا ئۆلۈپ تۈگەشكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يەر - جاھان پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىپتۇ، كېچىنىڭ شامىلىدا دەل - دەرەخلەرنىڭ مىدىرلىشىدىن تارتىپ، گۈل - گىياھلارنىڭ ئىرغاڭلىشىغىچە ھەممە نېمە شۇنچە سۈرلۈك، شۇنچە ۋەھىمىلىك تۇيۇلۇپتۇ.

ئۇ ياتقان ھۇجرىسىغا قايتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ھەتتا دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشكە پېتىنالماستىن بىراقلا تامدىن ئارتىلىپ قېچىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئەلى بابا مېھماننى ناشتىلىققا چاقىرىپ كېلىپ، ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ھەرقانچە ئۇرۇپمۇ ئاچۇرالماپتۇ.

بۇ چاغدا، مارجانە كۆلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ، ئۇنى ئىدىشلار قويۇلغان تامنىڭ تۈۋىگە باشلاپ كېلىپ، ئىدىشلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسىتىپتۇ.

— خوجايىن، بۇنىڭ ئىچىگە قاچىلانغىنى قانداق ياغ ئىكەن، قاراپ بېقىڭ، — دەپتۇ ئىدىشنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپ.

ئەلى بابا ئېڭىشىپ شۇنداق قاراپلا قورققىنىدىن تۈۋلاپ ساپتۇ. ئىدىشنىڭ ئىچىدە تولۇق قوراللانغان بىر ئادەم تۈگۈلگىنىچە ياتقۇدەك. ئۇ بۇرۇلۇپلا قاچماقچى بوپتىكەن، مارجانە ئۇنى پېشىدىن تۇتۇۋاپتۇ ۋە:

— قورقماڭ، ئۇ ھەرقانچە قوراللىنىۋالغان بولسىمۇ ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، چۈنكى ئۆلۈك تىرىككە تىغ

كۆتۈرەلمەيدۇ، — دەپتۇ.
ئاندىن كېچىدە بولغان ئىشلارنى يىپىدىن - يىڭنە-سىگىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.
بېشىغا كەلگەن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بالايىئاپەتنى بىر ياش قىز ھېچ كىشىگە چاندۇرماي، ئۆز قولى بىلەن يوقات-قانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەلى بابا ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا، زېرەكلىكىگە ئاپىرىن ئەيلەپتۇ.
مارجانە ئابدۇللانى چاقىرىپ، ئۇچى بىرلىكتە ھويلىغا ئورەك كولاپتۇ، ئاندىن قاراقچىلارنى كۆمۈۋېتىپتۇ.
ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئەلى بابا ئابدۇللانى قېچىرلارنى بازارغا ئاچىقىپ سېتىۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ.
بۇ ئىش مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىپتۇ، لېكىن قا-راقچىلارنىڭ تىرىك قالغان باشلىقىنىڭ بۇ ئىشنى بۇنداق ئاسانلا بولدى قىلمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ چوقۇم قىساس ئال-دىغانلىقى ئەلى بابا بىلەن مارجانەنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىكەن.
قاراقچىلار باشلىقى ئەلى بابانىڭ ھويلىسىدىن شۇ قېچىپ چىققىنىچە بۆكىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي يۈگۈرۈپ تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈردە بىرپەس دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن قىرىق قاراقچى بىلەن بىللە يول تۇسۇپ، ئادەم بۇلاپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، ئۇ كۈنلەر-دىكى سەلتەنىتىنى، ئەمدى تىكەندەك يېتىم قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ، ئەلى باباغا ئىچ - ئىچىدىن غەزەپ - نەپرىتى قوزغىلىپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئەنتىمنى ئالماي قويمايمەن. ھازىر ھەممىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالدىم. شۇڭا، بۇرۇنقىدەك قاراملىق قىلسام بولمايدۇ، ئەمدى ئىنچىكە ئوي-لاپ، پەم بىلەن ئىش تۇتمىسام، يەنە بۇرۇنقىدەك تۇمشۇقۇمغا

يەيمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ رەستىدىن بىر دۇكان ئاپتۇ ـ دە، دۇكاندارچىلىق قىلغاچ ئەلى بابانى قەستلەشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئىسمىنى ھەسەنگە ئۆزگەرتىپ، باشقىلارغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنى دىيانەتلىك سودىگەر قىياپىتىدە كۆرسىتىپتۇ.

ئوتتۇز يەتتە نەپەر قاراقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئەلى بابانىڭ كۆڭلى خېلى ئارامىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە دەسمايە سېلىپ جىيەنىگە بىر دۇكان ئېچىپ بېرىپ، ئۇنى قابىل چوڭ سودىگەر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى بوپتۇ.

قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ جىيەنىگە ئېچىپ بەرگەن دۇكان دەل قاراقچىلارنىڭ باشلىقىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىكەن. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئازراقلا بوش بولۇپ قالسا ئۇنىڭ دۇكىنىغا كېلىۋېلىپ، ئۇياق ـ بۇياقتىن گەپ ئالىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىككىسى ھېچ ئىشنى بىر ـ بىرىدىن سىر تۇتمايدىغان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئەلى بابا جىيەن ئوغلىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن قاراقچىلار باشلىقى شۇنداق خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

«ئەمدى جېنىڭنى نەگە ئېلىپ قاچالارسەنكىن. بۇ دۇكان بىلەن ئالاقەڭلا بولىدىكەن، مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلىمەن، دەپ خام خىيال قىلما» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئىچىدە.

ئەلى بابا كەتكەندىن كېيىن قاراقچىلار باشلىقى يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ كەتتىم، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇدۇ-

لىدىكى دۇكانغا كەپتۇ.

ئۇ ئەلى بابانىڭ جىيەنىنى گەپكە سېلىپ، ئاندىن ھازىر كەلگەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

قاسىمنىڭ ئوغلىنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇ مېنىڭ تاغام، بەك ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئادەم دەپ ئۇنىڭغا ئەلى بابانىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قاراقچىنىڭ گۇلقەقلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قاسىمنىڭ ئوغلىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇنى زىياپەتكە، دالا سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى، قاسىمنىڭ ئوغلى ئەلى بابانىڭ قېشىغا كىرىپ، يېقىن دوستى ھەسەننىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن ياخشىلىقى ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ داستىخىنىغا بەك جىق داخىل بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى ئۆيگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىش ئويى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ۋە ئادەمگەرچىلىكنى بىلگىنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، — دەپتۇ ئەلى بابا، — ئۇ دوستۇڭنى ئەتە ئۆيىمىزگە باشلاپ كېلىۋەر، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرىمەن. دوستۇڭنى چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلىمەن.

مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئەمدى پۇرسەت كەلدى، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆز كۆڭلىدە ئىنچىكە پىلان تۈزۈپتۇ.

ئەتىسى ئۇ نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئېلىپ، قاسىمنىڭ ئوغلىنىڭ باشلىشى بىلەن ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

ئەلى بابا ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ جىيەنىگە قىلغان غەمخورلۇقلىرىغا چىن كۆڭلىدىن

رەھمەت ئېيتىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقىمۇ ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا چىرايلىق گەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتىپتۇ. ئەلى بابا ئۇنىڭغا ئامراقلا بولۇپ قاپتۇ.

قاراقچىلارنىڭ باشلىقى شەھەرگە كىرىشتىن ئاۋۋال چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بولۇشىغا گىرىم قىلىۋالغانىكەن. شۇڭا، ئەسلىدىنلا ئاق كۆڭۈل ئەلى بابا ئالدىدا تۇرغان بۇ «دىيانەتلىك سودىگەر» نىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئارامىنى بۇزۇۋاتقان ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتۇ.

بىر چاغدا، تاماق تارتىلىپتۇ. مارجانە مېھماننىڭ ئال. دىغا مول نازۇنېمەتلەرنى تىزىۋېتىپتۇ، ئاندىن بىر بۇلۇڭغا ئۆتۈپ بۇ مېھماننى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ.

قاراقچىلارنىڭ باشلىقى قېچىپ كەتكەندىن تارتىپلا، ئۇ بۇ ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق ناتونۇش ئادەمگە ناھايىتى دىق. قەت بىلەن سەپسالىدىغان بولۇپ قاپتىكەن. چۈنكى، قاراق. چىلارنىڭ باشلىقىنىڭ يېڭىلگىنىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدى. غانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن.

توساتتىن، ھەسەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا شۇنداق بىر قاراپتىكەن، ئۇ دىڭگىدە چۆچۈپ كېتىپتۇ. نېمىشقا دې. گەندە، بۇ «ھەسەن» گەرچە چاندۇرماي گىرىم قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارا مېڭى ئۇنى مانا مەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئۆتكەن قېتىم ئۇ ياغ سودىگىرى قىياپىتىدە كەلگەندە، ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى مارجانەنىڭ كۆزىدە قاپتىكەن. ساددا، تۈز ئەلى بابا بۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا دىققەت قىلىپ كەتمەيدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مېھماننىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشى،

ئولتۇرۇپ - قوپۇشىدىنىمۇ مارجانە ئۇنىڭ قاراقچىلار باشلىقى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ. بىر ئادەمنىڭ چىرايى ئۆزگەرسىمۇ، ئادەتلىنىپ قالغان ئۇششاق ھەرىكەتلىرى ئۆزگەرمەيدىكەن.

مارجانە ئاستاغىنە ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىپ، كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىپ - تارىنىشقا باشلاپتۇ. ۋەھشىي دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان باتۇر قىز بۇ چاغدا ئۆزىنى شۇنچىلىك تەمكىن تۇتۇپتۇكى، ھەتتا قولىمۇ تىترىمەپتۇ. ئەكسىچە ئۇ قاراقچىنى يوقىتىشنىڭ ئىنچىكە پىلانىنى كاللىسىدا پىشۇرۇۋاپتۇ.

قەدەھلەر ئايلىنىپ، ئەلى بابا ۋە قاراقچىلار باشلىقى خېلىلا كەيپ بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار كەيپچىلىكتە قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ. «ھەسەن» نەچچە قېتىم قول سېلىشقا تەمشىلىپتۇيۇ، ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى پەتنۇسلاپ ئەكىرىۋاتقان خىزمەتكارلارنىڭ كاشىلىسىدىن ئامال قىلالماپتۇ.

ئاخىر ئۇ تاقەت قىلالماستىن ھەمىيىنىغا سېلىۋالغان خەنجىرىگە شۇنداق قول ئۇزىتىشىغا، ئۇسسۇلچى قىزلاردەك ياسانغان مارجانە ئابدۇللانىڭ دېپىغا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە كىرىپ كەپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى تىترەپ كېتىپتۇ - دە، ھەمياندىن قولىنى دەرھال تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئۇ تېخى خەنجەرنىڭ دەستىسىنى تۇتۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەپتىكەن.

مارجانە شامالدەك پىرقىراپ، ھېلى ئولتۇرۇپ، ھېلى قوپۇپ، ئۇسسۇلنى ئاجايىپ نازاكەتلىك ۋە لەرزان ئويناپتۇ. كەچكىچە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، قاراڭغۇ - ماراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئوغرىلىق قىلىپ يۈرىدىغان قاراقچىلار باشلىقى بۇنداق ئۇسسۇلنى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپمۇ

باقماپتىكەن. شۇڭا، ئۇ مارجانەنىڭ ئۇسسۇلىغا مەھلىيا بولۇپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ نېمە مەقسەتتە ئولتۇرغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئابدۇللامۇ بىر پەدىگە يەنە بىر پەدىنى ئۇلاپ چېلىۋېرىپتۇ، مارجانەمۇ توختىماي پىرقىراپ ئويناۋېرىپتۇ.

بىر چاغدا، ئۇسسۇلنىڭ پەدىسى يۆتكىلىپ، مارجانەنىڭ قولىدا تۇساتتىن بىر خەنجەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قولىدىكى خەنجەرنى ئوينىتىپ، بۇ شەھەرنىڭ يىراق ـ يېقىنلارغا داڭقى كەتكەن پىچاق ئۇسسۇلىنى ئويناپتۇ.

مارجانە ئوينىغانسېرى قىزىپ، بىر چاغدا توختىماستىن پىرقىرىغىلى باشلاپتۇ. كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن قاراقچىلار باشلىقىمۇ توختىماستىن ئاپىرىن ئەيلەپتۇ.

شۇ ئەسنادا، داپ توختاپ، مارجانە داستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، تارتۇق تەلەپ قىلىپ قول سۇنۇپتۇ. ئەلى بابا بىر تىللا چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالىقىنىغا قويۇپتۇ، قاسىمنىڭ ئوغلىمۇ ئۇنىڭغا بىر تىللا ئىنئام قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن «ھەسەن» مۇ پۇل ئېلىش ئۈچۈن ھەمىيىنىغا ئېڭىشىپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە، مارجانە قولىدىكى خەنجەرنى قاراقچىلار باشلىقىنىڭ قاق يۈرىكىگە سانجىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى دەھشەتلىك پەرياد كۆتۈرۈپ يىقىلىپ، ئاندىن جىملا بولۇپ قاپتۇ.

ئەلى بابا چۆچۈپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. بۇ ئىش شۇنچىلىك تۇيۇقسىز بوپتۇكى، خەنجەرنىڭ يالتىرىشىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماپتۇ. ئۇ نېمە ئىش بولغىنىنى پەرق ئېتىپ بولغۇچە مېھمان يەرگە دۈم چۈشۈپتۇ.

جېنى تېنىدىن ئايرىلغان مېھمانغا قاراپ، ئۇ مارجانەگە قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپتۇ.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ مېھماننى بۇنداق كۈتۈۋالغان نەدە بار؟ يەنە كېلىپ ئۇ جېيەنىمنىڭ دوستى تۇرسا!؟

مارجانە پىسەڭگىدە بىرنى كۈلۈپ قويۇپ، قاراقچىنىڭ ھەمىيىنىنى ئېلىپلا ئىچىدىكى نەرسىلەرنى گىلەمگە تۆكۈپتۇ. بۇ ئادەتتىكى ھەميانلاردىن بەكلا چوڭ ھەميان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىن نەچچە يۈز تىللا بىلەن تېخى يالتىراپ تۇرغان بىر دانە خەنجەر چۈشۈپتۇ.

خەنجەرنى كۆرگەن ئەلى بابانىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلىپ، تىلى گېپىگە كەلمەي قاپتۇ. ئۇنىڭغا ئەمدى ھەممە ئىش ئايان بوپتۇ، چۈنكى ھېچقانداق مېھمان مېھماندارچىلىققا خەنجەر ئېلىپ كەلمەيدىكەن ھەم ئۇنى ئۇستىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويمايدىكەن.

— بۇ ئەبلەخ سىزنىڭ دوستىڭىز ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭىز، — دەپتۇ مارجانە، — ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ئۇنىڭ ھىيلىقى قېچىپ كەتكەن قاراقچىلار باشلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغانىدىم. ئۇنىڭ بۇ يەرگە سىزنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە كەلگەنلىكىنى پەملىگەنىدىم.

ھەممە ئىش ئايان بوپتۇ. ئەلى بابا ئۇنىڭغا قايىللىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، ھاياجان بىلەن:

— سەن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ جېنىنى يەنە بىر قېتىم قۇتۇلدۇردۇڭ. ھازىردىن باشلاپ سەن ھۆرلۈككە چىقتىڭ ھەم ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندىڭ. چۈنكى، مەن سېنى جېيەن ئوغلۇمغا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

قاسىمنىڭ ئوغلى قىزارغىنىچە بېشىنى يەرگە ساپتۇ، ئىچىدە بولسا چەكسىز شادلىققا چۆمۈپتۇ. ئۇ گۈزەل، ئە-

قىلىق، باتۇر مارجانەگە ئاللىقاچان كۆيۈپ قالغانىكەن. لې-
كىن، ئىككىسىنىڭ سالاھىيىتى پەرقلىق بولغاچقا، تاغى-
سىغا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي كېلىۋاتقانىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن تۆتەيلەن ھە-ھۇ دېيىشىپ قاراقچى-
لار باشلىقىنىڭ جەسىتىنى ئارقا باغنىڭ بىر چېتىگە، بۇ-
رادەرلىرىنىڭ قېشىغا كۆمۈۋېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئەلى بابا ئۆزى باش بولۇپ
جىيەن ئوغلى بىلەن مارجانەنىڭ تويىنى داغدۇغىلىق ئۆت-
كۈزۈپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىناق،
بەختىيار ياشاپتۇ.

ھېلىقى ئۆڭكۈردىكى خەزىنىگە كەلسەك، ئەلى بابا ئۇ
يەرگە قايتا ئاياغ باسماپتۇ. بۇ سىرمۇ پىنھان تاغدا سىر
پېتىچە قېلىۋېرىپتۇ.

ئەلى بابا، روزغارىمىزغا يەتكۈدەك پۇلىمىز بار. جىيەن
ئوغلۇم ئىككىمىز مۇشۇ پۇلنى دەسمايە سېلىپ تۇرۇپ تى-
جارەت قىلساق، تېخىمۇ روناق تاپىمىز، ئۇ خەزىنىگە بى-
كاردىن ـ بىكار ئىگە بولۇۋالساق، ئىشلىمەي چىشلەيدىغان
ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمىز، مال ـ دۇنيا بەك جىق بولۇپ
كەتسىمۇ، باشقا بالا بولىدىكەن، دېگەن يەرگە كەپتۇ.



# ھۆسلىمەت بىلەن ئەركىلىمەتنىڭ ھېكايىسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، خەلىپە سۇلايمان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلاردا، ھۆسلىمەت ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ باي بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەرد - مەردانە، قولى ئوچۇق، سېخىي ئىكەن. ئۇ ساۋابلىق ئىشلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ قىلىدىكەن، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىنىڭ ھەرقانداق تىلىكىنى يەردە قويمايدىكەن.

ئۇ ئەتراپىدىكى كەمبەغەللەردىنمۇ ياردىمىنى ئايىماي،




ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن.

ئۇ مۇشۇنداق خەير - ساخاۋەت، ئىنساپ - دىيانەت بىلەن ياشايدىكەن.

ئاخىر بىر كۈنى ئۇنىڭ مال - مۈلكى، پۇل - بىساتى تۈگەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ غېمىنىمۇ قىلالماستىن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ قولىغا قاراپ قاپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلەر دەسلەپتە ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا خېلى يامان ئەمەس ياردەم قىپتۇ، ئەمما كېيىن ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا، قىيىن كۈندە قېلىشۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى كۆرمەسكە، بىلمەسكە سېلىشۋاپتۇ.

ئۇ بىچارە ئۆزى سېخىيلىق بىلەن ياردەم قىلغان ئادەملىرىنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىگە قالارمەن، دەپ ئويلاپ باقماپتىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بوپتۇ.



بۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئار كەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆيدىن تالاغا چىقماس بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ھال - كۈنى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ، ئاخىر قورساقىا يېگۈدەك بىر ۋاخ تاماققا ئېرىشەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئالجىرىيىنىڭ

ھاكىمى ئەركىلىمەت ئۇنىڭ كونا تونۇشى ئىكەن. ئۇ ھۆسلىمەتنىڭ غۇربەتچىلىككە پېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى، ئۇ تۆت مىڭ تىللانى ئېلىپ، خىزمەتكارنى باشلاپ ھۆسلىمەتنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ.

ئۇ خىزمەتكارنى نېرىراق بېرىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى تىللالارنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىنى قېقىپتۇ.

دەرۋازىنىڭ قېقىلغىنىنى ئاڭلىغان ھۆسلىمەت يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ. ئەركىلىمەت تىللا قاچىلانغان خالتىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ:

— بۇ پۇل بىلەن كەم-كوساڭنى تولۇقلىۋال، ھال-كۈنۈڭنى ئوڭشىۋال، — دەپتۇ.

ھۆسلىمەت قاراڭغۇدا ئۇنى تونۇيالماي، ئۇنىڭدىن كىملىكىنى سوراپتىكەن، ئەركىلىمەت:

— مەن نامراتلارغا يار-يۆلەك بولغۇچى، — دەپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ھۆسلىمەت لىق تىللا قاچىلانغان خالتىنى يۈرىكىگە تاڭغىنىچە قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇ خوتۇنىنى چىراغنى يېقىشقا بۇيرۇپتىكەن، خوتۇنى چىراغ ياققۇدەك ياغنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.

خۇشاللىقىدىن ھۆسلىمەت كېچىچە ئۇخلىماستىن، پۇل سېلىنغان خالتىنى سىلاپ چىقىپتۇ.

ئەركىلىمەت ئۆيىگە قايتىپ بېرىپتۇ. ئېرىنىڭ يېرىم كېچىدە سىرتقا چىقىپ كېتىشى غەيرىي تۇيۇلغان ئايالى ئۇنىڭ نەگە بارغانلىقىنى كوچىلاپ سوراۋېرىپتۇ. ئەركىلىمەت ئاخىر راست گېپىنى ئايالىغا دەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا

بۇ مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا تىنما، دەپ جېكىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ھۆسلىمەت خالتىنى ئېچىپ قاراپ بېقىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە لىق تىللا تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىگە ساخاۋەتلىك قولىنى سۇنغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەپتۇ.

خەلىپە سۇلايمان ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن پەلەستىنگە كەپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ، ھۆسلىمەت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپتۇ، چۈنكى ئۇلار بۇرۇن تونۇشاتتىكەن.

ھۆسلىمەتنى كۆرگەن خەلىپە، ئۇنىڭدىن:

— شۇنچىدىن بېرى نېمىشقا بىز بىلەن ئۇچراشمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ ئارىلىقتا ئەھۋالىم بەكلا خاراب ئىدى، شۇڭا ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتىن خىجالەت بولدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھۆسلىمەت.

— ئۇنداق بولسا، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ھازىر كەپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە يېقىنچىلىق بىلەن.

— ھازىر ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ ھال - كۈنۈم ئوڭشىلىپ قالدى، — دەپتۇ ھۆسلىمەت ۋە ئۆزىنىڭ بىر ساخاۋەتچىنىڭ ئىنئامىغا قانداق ئېرىشكەنلىكىنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خەلىپە بۇ ئىشقا قىزىقىپلا قاپتۇ.

— سىزگە ياردەم قىلغان ئادەم زادى كىم؟ ئۇنى بۇرۇن تونۇمتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە.

— ياق، تونۇمايتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كېچە بەك قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ پەرق ئېتەلمىدىم. ئۇ پەقەت، مەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولغۇچى، دېگەن بىر

ئېغىز گەپنىلا قىلدى. ئارتۇق گەپ قىلمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھۇسلىمەت.

— نېمىدېگەن ساخاۋەتلىك ئادەم ئۇ! — دەپتۇ خەلىپە تەسىرلەنگەن ھالدا، — ئەگەر ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلسەم ئىدىم، زور ئىنئاملار ئاتا قىلغان بولار ئىدىم.

ئارقىدىنلا خەلىپە ھۇسلىمەتنى ھاكىملىققا تەيىنلەپتۇ ھەم ئەركىلىمەتنىڭ ئورنىغا ئالجىرىيىگە ھاكىمىيەت باش-قۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ.

ھۇسلىمەت مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالجىرىيىگە بېرىپتۇ. ئەركىلىمەت باشلىق پۇقرالار ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ.

لېكىن، ئۇ خىزمەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىش جەريانىدا، ئۇ ئەركىلىمەتنىڭ ھېسابىنىڭ تازا ئېنىق ئەمەسلىكىنى، نۇر-غۇن يوچۇقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ



ھېساباتتا كەم چىققان پۇللارنى ئەركىلىمەتنىڭ تۆلىشى توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئەركىلىمەت بۇ پۇللارنى قايتۇرۇشقا قۇربىتى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھۇسلىمەتكە:

— مەن ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى بىلەن سەمرىيدىغان ئادەم ئەمەس، شۇڭا ماڭا قانداق جازا بەرسىڭىز قوبۇل قىلىمەن، — دەپتۇ.

ھۇسلىمەت ھۆكۈمەت ئىشىنى ئادىل سوراش ئۈچۈن، ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ. ئەركىلىمەت پۇت - قولىغا كويزا - كىشەن سېلىنىپ،



زىنداندا دوزاخ ئازابىنى تارتىپ يېتىپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغان ئەركىنلىمەتنىڭ ئايالى ئەقىللىق بىر ھۆر دېدەكنى ھۆسلىمەتنىڭ — يېڭىدىن مەنسەپكە چىققان ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ.

ھۆر دېدەك مەھكىمىگە كېلىپ ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ ھاكىم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن قوبۇلخانىدىكىلەرنىڭ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاكىمغا دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپى بار ئىكەن.

ئىككىسى يالغۇز قالغاندا، ھۆر دېدەك ھاكىمغا:

— سىز نامراتلارغا يار - يۆلەك بولغان ئادەمنىڭ ياخشىلىقىغا ئاشۇنداق كويزا - كىشەن بىلەن جاۋاب قايتۇرامسىز؟ — دەپتۇ.

ھۆسلىمەت بىر ئىشنى پەملىگەندەك بولۇپ:

— ھە، ماڭا ياردەم قولىنى سۇنغان ئادەم ئەسلى ئەركىنلىمەت ئىكەن - دە! — دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ.

ئۇ دەرھال ئېتىغا مىنىپ، مەھكىمىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنى كەينىگە سېلىپ زىندانغا كەپتۇ. ئۇ زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزۇپ، ئەركىنلىمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

ئەركىنلىمەت ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەجەب ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلىپ كەتتىڭىز، سىزنى بۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇرلىدى؟

— سىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىك بىلەن قىلغان

ئىش ئىزلىرىڭىز ۋە مېنىڭ ياخشىلىققا يامانلىق قىلغان قىلمىشىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھۆسلىمەت.

ئارقىدىنلا ئۇ لەشكەرلەرگە ئەركىلىمەتنىڭ پۇت - قوللىرىدىكى كويزا - كىشەنلەرنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەركىلىمەت ھۆسلىمەتنىڭ كەينىدىن مېڭىپ زىندانىدىن چىقىپتۇ. ئۇ ھۆسلىمەت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتماقچى بوپتىكەن، ھۆسلىمەت ئۇنى كەتكىلى قويماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھاممامغا چۈشۈپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە پۇل بېرىپتۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئەركىلىمەتنى ئۆيىگە ئۆزى ئەكېلىپ قويۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن كەچۈرۈم سوراپتۇ.

ئەتىسى ھۆسلىمەت ئەركىلىمەتنى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىپ خەلىپە سۇلايمان بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ.

خەلىپە سۇلايمان ھۆسلىمەتنىڭ ئالايتەن كېلىپ ئۆزى



بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ، چوقۇم چوڭ بىر ۋەقە يۈز بەرگەن گەپ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلارنى دەرھال قوبۇل قىپتۇ. ھۇسلىمەت ئەركىلىمەتنى باشلاپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ.

خەلىپە سۇلايمان ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ:

— جانابلىرى، ئۆزلىرى ئىزدەپ يۈرگەن، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولغۇچى كىشىنى تېپىپ ھۇزۇرلىرىغا ئەكەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھۇسلىمەت.

— ئۇ كىم ئىكەن؟

— مانا مۇشۇ ئەركىلىمەت ئىكەن.

نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولغۇچىنىڭ ئەركىلىمەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان خەلىپە سۇلايمان بەكمۇ خۇشال بوپتۇ.



ئۇ ئەركىلىمەتنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام، يۇقىرى مەنسەپ ئاتا قىپتۇ.

ھۇسلىمەت خەلىپىگە ئەركىلىمەتنى ئەسلىدىكى مەنسىپىگە قويۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھۇسلىمەت بىلەن ئەركىلىمەت قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن بولۇپ كېتىپتۇ ھەمدە ئۇلار خەلىپە سۇلايماننىڭ ئوڭ قول، سول قول ياردەمچىلىرىگە ئايلىنىپتۇ.



# لەتىپە ئېيتالايدىغان كاربى

بۇرۇنقى زاماندا راشىلى ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ تولىمۇ كەڭرى زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇ بۇ زېمىننى ناھايىتى پەم ـ پاراسەت بىلەن باشقۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ ئوردىسى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ، پۈتۈنلەي ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر ـ ياقۇت بىلەن بېزەلگەنىكەن. ئۇ نېمىنى خالىسا شۇ ھازىر بولىدىكەن، قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىكەن.

ئەسلىدە ئۇ بەختلىك، خۇشال ياشىسا ئەقىلغا سىغىدىكەن. لېكىن، ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە قاپىقىنى ئاچماي تۈرۈلۈپلا يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ سوغۇق ئەپتىگە قارىغان كىشىنىڭ ئىچى سىقىلىدىكەن. ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ چىش يېرىپ كۈلۈپ باقماپتىكەن.

ئۇ پادىشاھ بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيدىكەن. شۇڭا، ئۇ قانداق ياشىغۇسى كەلسە شۇنداق ياشايدىكەن. ئەگەر ئۇ باشقا پادىشاھلاردەك كۈلگەندە كۈلۈپ، ئاچچىقلانغاندا ھۆركىرەپ، غەزەپ ئوقلىرىنى ياغدۇرسا بۇ چۆچەكمۇ پەيدا بولماس ئىكەن.

ھەممىدىن يامان يېرى، ئۇ كۈلۈشنى خالىمايدىكەن ئەمەس، تازا خالايدىكەن، باشقىلارنىڭ ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكەنلىرىنى كۆرسە مەستلىكى كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ شۇنداق كۈلگۈسى كېلىدىكەن.

بەزىدە ئۇ ھەجىيىپ تۇرۇپ كۈلۈپ بېقىشقا ئۇرۇنىدىكەن، لېكىن بوغۇزىدىن شۇنداق سەت بىر ئاۋاز چىقىپ كېتىدىكەنكى، كۈلۈۋاتقانلارمۇ ئىختىيارسىز كۈلكىدىن توختاپ قالىدىكەن.

ئۇنىڭ يا كۈلكىگە، يا ئۆردەكنىڭ غاقىلدىشىغا ئوخشىمايدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئەگەر ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن قورقمىسا، بىزار بولۇپ بەدەر تىكىۋېتەركەن، بۇنى پادىشاھمۇ سېزىپ تۇرىدىكەن ھەم بۇنىڭدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولىدىكەن، ئاخىر بولالمىغاندا، كىمكى مېنى كۈلدۈرەلىسە، شۇنىڭغا مىڭ تىللا ئىنئام قىلىمەن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.



بىر كۈنى پادىشاھ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، تۈمشۇقىنى ئۇچلاپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭ قېشىدا مۇھاپى- زەتچىلىك قىلىۋاتقان ماسلۇر ئىسىملىك مۇھاپىزەتچى تو- ساتتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن دەر- غەزەپكە كەپتۇ ـ دە:

— نېمىگە كۈلىسەن؟ نېمىدىگەن بىمەنە كۈلۈش بۇ! ساراڭ بولدۇڭمۇ ياكى مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ماسلۇر شۇندىلا ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، دەرھال كۈلكىسىنى توختىتىپ، پادى- شاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، لاغ ـ لاغ تىترىگى- نىچە شۇنداق دەپتۇ:

— خۇدا گۇۋاھ بولسۇن، شاھىم، ھەرقانچە قاپ يۈرەك بولسامۇ، ئۆزلىرىنى مازاق قىلىش ھەددىم ئەمەس. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بۇنداق كۈلۈپ كېتىشىمدىكى سەۋەب، تۈنۈگۈن دەريا بويىدا كېتىۋاتسام، بىر توپ ئادەم كاربى ئىسىملىك



بىر قىزىقچىنى ئورىۋاپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك قىزىق لەتىپە-لەرنى سۆزلەيدىكەنكى، ئاڭلىغان ئادەم تولا كۈلۈپ ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ قالغىلى قىل قالىدىكەن. بايا ئۇ ئېيتقان لەتىپە توساتتىن يادىمغا كېلىپ قېلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلاپتىمەن. بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىشلىرىنى تىلەيمەن!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شاھ ماسلۇرنىڭ غەزەپسىزلىكىنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرماستىنلا، دەرھال:

— چاپسان بار - دە، كاربى ئىسىملىك بۇ ئادەمنى ھۇزۇرۇمدا تەييار قىل. ئۇ ماڭا قىزىق - قىزىق لەتىپە-لەرنى ئېيتىپ بېرىپ مېنى كۈلدۈرسۇن. ئەگەر مېنى كۈلدۈرەلىسە، ئوخشاشلا مېنىڭ تىللا ئىنئام قىلىمەن! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ماسلۇر ئۇچقاندەك بېرىپ كاربىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنى يېڭىدىن سۆرىگىنىچە تارتىپ مېڭىپ:

— يۈر، مەن بىلەن! ئامەت قۇشى بېشىڭغا قوندى. ھۆرمەتلىك شاھىمىز لەتىپىلىرىڭنى ئاڭلىماقچى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ماسلۇر كاربىنىڭ ھاڭۋېقىپ قالغان قىياپىتىگە قاراپ، كۆڭلىگە جىن چۈشۈپتۇ. ئۇ، بۇ ساراڭ پادىشاھنى بىر قېتىم كۈل-دۈرسە مىڭ تىللاغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخ-شايدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن، قاراپ تۇرۇپ مىڭ تىللانى نې-مىشقا ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويىمەن. ئامال تېپىپ ئۇنىڭدىن مەنمۇ تەڭ بەھرىمەن بولماي مەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېڭىشتىن توختاپ، كاربىغا:

— ئەگەر مەن سېنى پادىشاھقا تونۇشتۇرمىغان بولسام، پادىشاھ بىلەن يۈزتۇرا تۇرۇپ ھەمسۆھبەت بولۇش ئۇياقتا


تۇرسۇن، ئۆلگۈچىمۇ بۇ ئوردىغا قەدەم باسالمايتتىڭ. شۇڭا، پادىشاھ سېنى نېمە بىلەن تارتۇقلىسا، ئۇنىڭ يېرىمى مې-نىڭ بولسۇن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ، — دەپتۇ كاربى، — راست، بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشمىگۇم ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ئالغان ئىنئامىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن.

تېخى قولغا تەگمىگەن نەرسىگە ئۇ ئەزەلدىن بەكمۇ كەڭ قول ئىكەن.

شۇنداق كېلىشكەندىن كېيىن ماسلۇر كۆڭلى ئاندىن ئارامىغا چۈشۈپ، كاربىنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

— ئاڭلىسام لەتىپە - چاقچاققا بەكمۇ ئۇستىمىش-سەن، — دەپتۇ پادىشاھ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايىدىن مۇز ياغقان ھالدا، — ئەمدى لەتىپە - چاقچىقىڭنى باشلا. ئەگەر مېنى كۈلدۈرەلمىسەڭ، سېنى بۇ تېرە خالتا بىلەن ئىككىنى ئۇرىمەن.



كاربى ئوغرىلىقچە كۆز تاشلاپتىكەن، راست دېگەندەك پادىشاھنىڭ ئوڭ قولىدا بىر تېرە خالتا تۇرغۇدەك، تېرە خالتىنىڭ بېشى پادىشاھنىڭ تىزىغا قويۇقلۇق بولۇپ، كاربىغا ئۇ ئىچىدە ھېچنېمە يوق قۇرۇق خالتىدەك بىلىنىپتۇ. ئىچىدە ھېچنېمە يوق قۇرۇق خالتا بىلەن ئۇرسا قانچىلىك ئاغرىيتتى دەپ ئويلىغان كاربى كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، پادىشاھقا قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، ھېلىغۇ بۇ خالتا بىلەن ئىككىنى ئۇرىدۇ. كەنلا، پالاق بىلەن سالسىلىرىمۇ مەيلى، پەقەت سىلى خۇش بولسىلىرى بولدى، — دەپتۇ.



ئارقىدىن ئۇ قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى ھەر خىل ھەرىكەت، ھەر خىل قىياپەتلەر بىلەن ئارقا - ئارقىدىن سۆزلەپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

پۈتۈن ئوردا ئەھلى تولا كۈلۈپ قورساقلىرىنى تۇتۇپ دومىلاپ كېتىپتۇ. پەقەت پادىشاھلا خۇددى مۇزدەك ئولتۇ-رۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى كۈلكە ئولىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى تۇرۇلۇپ كېتىپتۇ.

كاربى قورسىقىدا بار لەتىپىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ چىقىپتۇ. بىلىدىغانلىكى ھەييارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىپتۇ. پادىشاھ مىتمۇ قىلماي ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ ئونىنچى لەتىپىسىنى باشلىغاندا، پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— بولدى، بەس! ئۇ مەنىسىز، تېتىقسىز لەتىپىلىرىڭ-نىڭ كۈلگۈدەك ھېچ يېرى يوق. ماۋۇ خەق ئۆزىچە كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىۋاتىدۇ، ھەممىسى ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ.



مېنىڭ ھەرگىز كۈلگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ئەكسىچە سېنىڭ
يىغلىغىنىڭنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ! — دەپ غەزەپ قىپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشەر - چۈشمەستىنلا،
«پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھېلىقى تېرە خالتا كاربىنىڭ
گەدىنىگە تېگىپتۇ. دەھشەتلىك بىر ئاغرىق كاربىنىڭ گەدى-
نىدىن پۈتۈن بەدىنىگە تارقىلىپتۇ. ئۇ ئاغرىق ئازابىنىڭ قات-
تىقلىقىدىن بوينۇم ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇ.

ئەسلىدە، ئۇ خالتىنىڭ ئىچىدە بىر - بىرىدىن ئېغىر
تۆت دانە تاش بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ تېرە خالتىنى يەنە
ئېگىز كۆتۈرگىنىنى كۆرگەن كاربى دەرھال ئەقلىنى تې-
پىپتۇ - دە:

— ئالىيلىرى، ئىككى كەلىمە سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىپ،
مېنى ئاندىن ئۇرسىلىرىمۇ كېچىكمەيلا، — دەپ ۋارقىراپ
كېتىپتۇ.

— قېنى سۆزلە! — دەپتۇ پادىشاھ سۈرلۈك قىياپەتتە،
لېكىن ئۇ تېرە خالتا كۆتۈرگەن ئوڭ قولىنى چۈشۈرمەس-
تىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىۋېرىپتۇ.

— مەن ئالىيلىرىغا بىر ئىشنى مەلۇم قىلماقچىمەن.
ماسلۇر مېنى ھۇزۇرلىرىغا باشلاپ كىرگۈچە ماڭا مۇنداق
بىر شەرت قويغانىدى. يەنى پادىشاھ ئۆزلىرى مېنى قانداق
نېمە بىلەن تارتۇقلىسىلا، ئۇ شۇنىڭ يېرىمىغا ئىگە بول-
ماقچىدى. ئۆزلىرى مېنى تېرە خالتا بىلەن ئىككىنى ئۇرۇش
بىلەن تارتۇقلىدىلا، ئۇنىڭ بىرى، يەنى يېرىمى ماڭا تەگدى،
ئەمدى قالغان يېرىمىنى ماسلۇرغا بەرگەن بولسىلىرى.
ئۆزلىرى دائىم بىز پۇقرالارغا، ھەممە ئىشتا ئادىل بولۇش،
ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئىشەنچلىك پۇقرا بولۇش توغرۇلۇق
تەربىيە بېرىلا ئەمەسمۇ، — دەپتۇ كاربى.

— بۇ... — كاربىنى ئۇرماقچى بولغان پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئاندىن ئۇ شۇنداق قاتتىق كۈلۈپتۇكى، كۈلە - كۈلە تېلىقىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۈلۈۋېرىپ قولىدا جان قالماي، قولىدىكى تېرە خالتا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇدۇل بېرىپ ماسلۇرنىڭ پېشانىسىگە تېگىپتۇ.

ماسلۇر پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ۋايجانلاپ سەكرەپ - تاقلاپ كېتىپتۇ.


— ناھايىتى ياخشى، قالتىس كارامىتىڭ بار ئىكەن. سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىپلا قالماستىن، يەنە ۋەدەڭگىمۇ ۋاپا



قىلدىڭ، — دەپتۇ قانغۇدەك كۈلۈپ، كۆلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتقان پادىشاھ، — ئەمدى، مەنمۇ ۋەدەمدە تۇرۇپ، ساڭا مىڭ تىللا ئىنئام قىلاي. بىراق، بۇنىڭدا ماسلۇرنىڭ ھەققى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك يېرىم ھەققىنى ئېلىپ بولدى.

كاربى مىڭ تىللاغا ئېرىشىپ خۇشال - خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ.


ھېلىقى نەس باسقان مۇھاپىزەتچى ماسلۇر تۇرغان جايدا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ خېلىدىن كېيىن ئاندىن ھوشىنى تېپىپ نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنىچە، نەچچە كۈنگىچە ئادەمگە كۆرۈنمەي يېتىپتۇ.



## سودىگەر، ئېشەك باققۇچى ۋە بالا

بىر كۈنى، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۆت سودىگەر يىغىلىپ، مەبلەغنىڭ كەملىكى، دەسمايىسى ئاز تىجارەتنىڭ ئايلىنىشىنىڭ ئاستىلىقى، چوڭ تىجارەت قىلغىلى بولمايۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ھەسرەت چېكىشىپتۇ. ئارىدىن بىرى قوپۇپ:

— تاما - تاما كۆل بولار، دەپتىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە




بىز ھەممىمىز پۇللىرىمىزنى يىغىپ چوڭراق دەسمايە سالساق، ئاندىن ئاشۇ مەككار سودىگەرلەرگە تاقابىل تۇرالايمىز ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۇچەيلەنمۇ، راست، مۇشۇ ئامالمۇ بولىدىكەن، دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېنىدىكى بارىنى تۆكۈپ، مىڭ تىللا قىپتۇ - دە، ئۇنى بىر ھەميانغا قاچىلاپ خۇشال ھالدا يولغا چىقىپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ يولىدا بىر چوڭ باغ ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قانغۇچە ئويناپ كۈلۈپ چىقماقچى بوپتۇ.

ھەميان بەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇلار باغقا كىرگۈچە



باغنىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان مومايغا بېرىپ قويۇپتۇ ھەمدە تۆتىلىمىز دەرقەمتە چاغدا ھەمىياننى ئاندىن بىزگە بېرىسىز، بىرىمىز كەم بولساقمۇ بەرمەيسىز، دەپ تاپىلاپتۇ.

ئۇلار ئۇ باغقا كىرىپ كۆرۈپتۇكى، باغنىڭ ئىچىدە ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغان، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان، مېۋىلىك دەرەخلەر شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەت-كەنىكەن.

بۇ خىل مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى يايراپ كەتكەن سودىگەرلەر باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلىپ راسا يايرىشىپتۇ.

ئۇلار ئويناپ - كۈلۈپ، سۇزۇك سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېپقاپتۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— نەچچە كۈندىن بېرى سەپەر قىلىپ توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ كەتتۇق. بۇ ئۆستەڭگە چۈشۈپ باش - كۆزىمىزنى يۇيۇپ سەگىدىۋالمايمىزمۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار سۇزۇك سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەنە بىرى:

— ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان. ھېچقايسىمىزدا تارغاق يوق ئىكەن. بىردەمدىن كېيىن يۇيۇنۇپ چىققاندا، چېچىمىزنى نېمە بىلەن تارايمىز؟ — دەپتۇ.

— بۇنچىلىك ئىشقىمۇ غەم قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ مەن بېرىپ ئىشىككە قارايدىغان مومايدىن سوراپ ئەكېلەي،— دەپتۇ ئارىدىن بىرى ئىشچانلىق قىلىپ.

ھەممەيلەن، بولسا شۇنداق قىلساڭ، دەپتۇ. ئۇ كىشى سۇدىن چىقىپ ئۇدۇل باغنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ دەرۋازىۋەن مومايغا:

— ھەمىياننى بېرىڭ، — دەپتۇ.

تۆت ئادەمدىن ئاران بىرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن موماي بەرگىلى ئۇنىماستىن:

— بۇنداق قىلسام بايىقى ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىغان بولۇپ قالىمەن، شۇڭا ھەمىياننى سىزگە بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

ئۆستەڭ دەرۋازىدىن ئانچە يىراقتا ئەمەس، تولۇلسا ئون يېتىدىغان يەردە ئىكەن. تارغاق سوراپ كەلگەن ئۇ كىشى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ھەمراھلىرى بار تەرەپكە قاراپ:

— ھەي، ئۇ ماڭا بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، قانداق قىلىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

تارغاق ساقلاپ تۇرغان ئۇچەيلەن تەڭلا:

— ئۇنداق قىلماي ئۇنىڭغا بەرگەن بولسىڭىز، بىردەمدىن كېيىن سىزگە ئىنئام بېرىمىز، — دەپتۇ.

كۆپچىلىكنىڭ تەڭلا بېرىڭ دېگىنىنى ئاڭلىغان موماي ئاغى قىلماستىنلا ھەمىياننى ئۇ كىشىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

بۇ ئادەم پۇل سېلىنغان ھەمىياننى ئېلىپلا باغنىڭ شورىسىدىن غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ. ھەمراھلىرى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چېچىنىڭ سۇيىنى ئېقىتىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ تىكىۋەتكىنىنى كۆرمەي قاپتۇ.

ئۇچەيلەن ھەمراھىنىڭ تارغاقنى ئەكەلمىگىنىنى كۆرۈپ، ئىشكىباقار موماينىڭ قېشىغا بېرىپ:

— چوڭ نېمە ئەمەس، بىر تارغاقتىغۇ، شۇنىڭغىمۇ شۇنچە قىلىپ كېتەمسىز، بېرىپ تۇرماي، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن موماي:

— تارغاق دەمسىلەر؟ مەندە تارغاق نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ مەندىن تارغاق ئەمەس، ھەمىيان سورىدى. مەن سىلەرنىڭ رۇخسىتىڭلارنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا بەردىم، — دەپتۇ.

ئۇچەيلەن شۇ هامان هوشىنى تاپقاندەك بولۇپ، ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. دەسلەپتە پۇللىرىمىزنى يىغىپ چوڭ-راق سودا قىلايلى، دېگەنمۇ، سۈغا چۈشەيلى دېگەنمۇ، تارغاق ئە-كېلىپ چېچىمىزنى تارايلى، دېگەنمۇ شۇ ئادەم ئىكەن... ئەسلىدە، ئۇ ھەممەيلەننىڭ پۇلىنى ئۆزى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بۇ بىر قاتار پىلانلارنى تۈزۈپ، ئۇلارنى قاپقانغا دەسسەتكەند-كەن.

لېكىن، بۇ ئەخمەقلەر بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ بىخەس-تەلىكىدىن كۆرمەي، پۇلىمىزنى تاپ دەپ ھېلىقى مومايغا ئېسىلىۋاپتۇ.

مومايمۇ قاراپ تۇرۇپ يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆ-لەشكە ئۇنىمايدۇ – دە، شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن، تارت – چۈج



قىلىپ شەرىئەتكە قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

سودىگەرلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان قازى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئىشكباقار مومايغا، پۇلنى چوقۇم سەن ئالدىڭ، كۆن پېتىشتىن بۇرۇن پۇلنى دەرھال قايتۇر، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

موماي بۇنچە پۇلغا نەگە بارارمەن، دەپ غەمگە چۆكۈپتۇ. دېمىسىمۇ ئىشىككە قارايدىغان يالغۇز ئايالدا ئۇنچىۋالا جىق پۇل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ـ دە!

بېشى ئوغرىنىڭكىدەك قاتقان موماي نېمە قىلارىنى



بىلمەي كوچىدا ئۇياندىن ــ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپتۇ، بۇ خا-
پىلىقتىن ئۆلۈپلا قۇتۇلايمىكىن، دېگەن يەرگىمۇ كەپتۇ.
بەش ياشلىق بىر بالا چىرايىدىن قايغۇ ــ ھەسرەت
يېغىپ تۇرغان، ئەس ــ ھوشىنى يوقاتقان، توختىماي بىر-
نېمىلەرنى دەپ ئاھ ئۇرۇۋاتقان بۇ مومايىنى كۆرۈپ ھەيران
بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەپتۇ:
— چوڭ ئانا، نېمە بولدىڭىز؟ مۇشۇنداق مېڭىۋەرسىڭىز
تامغا ئۇسۇۋالماي قالمايسىز.
باشقا ۋاقىت بولغان بولسا، ئاغزىدىن سۈت تېمىپ
تۇرغان كىچىك بالىنىڭ سۆزىگە ئۇ موماي ئېرەن قىلماس
ئىكەن، لېكىن ئۇ ھازىر ئىچىدىكى دەردىنى تۆكۈپ ئىچ ــ
قارنىنى بوشىتىدىغان بىرەر ئادەمگە زار بولۇپ تۇرغاچقا،
بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇ بالىغا يىپىدىن ــ يىڭنىسى-
گىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.
بەش ياشلىق بالا ئوماق بېشىنى سىگار يان قىلغىنىچە
ئۇنىڭ گەپلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپتۇ، ئاڭلاپ بولغاندىن
كېيىن چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ:
— ۋاي ــ ۋۇي، بۇ ئىشنىڭ بۇنچە باش قاتۇرۇپ
كەتكۈچىلىكى يوق. چوڭ ئانا، ماڭا يېمىش ئېلىپ يەيدىغانغا
بىر تەڭگە بەرسىڭىز، مەن سىزگە ياخشى بىر ئامال دەپ
بېرىمەن. مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىڭىز، بۇ دەۋادا يېڭى-
سىز، — دەپتۇ.
نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان موماي بالىنىڭ گې-
پىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇددى بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەك
خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «قېنى، بېشىمغا كەلگەننى كۆر-
مەيمەنمۇ. بۇ بالا مېنى ئالداپ بىر تەڭگەمنى ئېلىۋالدى دې-
گەن ھالەتتىمۇ، مىڭ تىللانىڭ ئالدىدا بۇ قانچىلىك پۇل
ئىدى. ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ مېنىڭ دەردىمگە قۇلاق سې-

لىپ ئاڭلىغىنىغا بولسىمۇ بىر تەڭگە بەرمەيمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ــ دە، بىر تەڭگىنى چىقىرىپ بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

بالا پۇلنى ئالغاندىن كېيىن مومايغا:

— ئېگىشىپ قۇلىقىڭىزنى ماڭا يېقىن ئەكېلىڭ، — دەپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپتۇ.

بالىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مومايىنىڭ چىرايى شۇئان ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ بالىغا ئارقا ــ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ كېتىپتۇ. بالىمۇ تەڭگىنى ئوينىغىنىچە سەكرەپ ــ تاقلاپ كېتىپ قاپتۇ.

موماي قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھېلىقى ئۈچ دەۋاگەرنىڭ يۈزىچىلا مۇنداق دەپتۇ:

— دەسلىپىدە بىز تۆت ئادەم جەم بولغاندىلا ھەمياننى ئاندىن تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئەھدىلەشكەن. ھازىر پەقەت ئۈچىلا




ئادەم بار شارائىت ئاستىدا ھەمىياننى بۇلارغا بېرەلمەيمەن. ئۇنى تۆلەپ بېرىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا ھېلىقى بەش ياشلىق بالا ئۆگىتىپ قويغانىكەن.

قازى ئۇنىڭ گېپىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ - دە، دەۋاگەرلەردىن مۇشۇنداق ئىش بارمىدى، دەپ سوراپتۇ، دەۋاگەرلەر تېنىۋېلىشتىن قورقۇپ ھەئە، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— شۇنداق ئىكەن، — دەپتۇ قازى، — سىلەر ھېلىقى بۇرادىرىڭلارنى — تۆتىنچى كىشىنى تېپىپ كېلىپ، ئاندىن جاۋابكاردىكى پۇلۇڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار.

ئۇ ئۈچەيلەن بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ قاپتۇ، ئاندىن باشلىرىنى سالغىنىچە قازىخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMTkyNTYuemlw",
"filename_decoded": "40219256.zip",
"filesize": 19499379,
"md5": "072e3ae63c7509fd3ce37fbf4687f671",
"header_md5": "e815a3a0fd3c829127abe3c9dfcf0057",
"sha1": "d7092bbeebeec4d5a4cb86b8cadc87d50184fb1a",
"sha256": "72bbf16c8de31b6251dd3cb620ff9170b3e472e706616f7b4f9b20982c7ffb79",
"crc32": 128323281,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 21837425,
"pdg_dir_name": "\u2565\u2557\u255f\u00ba\u2534\u03c0\u2565\u2557\u2565\u2563 \u256c\u03c3\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40219256",
"pdg_main_pages_found": 82,
"pdg_main_pages_max": 82,
"total_pages": 89,
"total_pixels": 355092912,
"pdf_generation_missing_pages": false
}